ئاننى فرانك

# ئاننىڭ خاتىرىسى



مىللەتلەر نەشرىياتى

## ياشلار- ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن
## تاللانغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر

" دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر" ناملىق ياشلار -ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تاللانغان بۇ بىر يۈرۈش كىتابلار ھەر يىلى تۈركۈمگە بۆلۈپ چىقىرىلىدۇ. بىرىنچى تۈركۈمدە چىقىرىلىدىغان كىتابچىلار تۆۋەندىكىچە

ساھىبجامال مىسىر شاھى

پارىژ بۈۋى مەريەم چىركاۋى

شاھزادىنىڭ ئۆچ ئېلىشى

تام سيۇرنىڭ سەرگۈزەشتىسى

سۇلايمان شاھنىڭ خەزىنىسى

ئانىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

ياشلار- ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

تاللانغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر

ئەسلى ئاپتورى: ئاننى فرانك (گېرمانىيە)

# ئاننىنىڭ خاتىرىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

安妮的日记/(德)法兰克著;亚森·斯依特译. - 北京:
民族出版社,2001.8
ISBN 7-105-04631-7

Ⅰ.安... Ⅱ.①法...②亚... Ⅲ.日记-作品集-德
国-现代-维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I516.65

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 065503 号

**责任编辑**:卡哈尔·普拉提
**责任校对**:吐尔洪·达吾提
**书 名 字**:多鲁洪·卡地尔
**出版发行**:民族出版社　　电话:010-64290862
**社　　址**:北京市和平里北街 14 号　　邮政编码:100013
**网　　址**:http://www.e56.com.cn
**印　　刷**:迪鑫印刷厂
**经　　销**:各地新华书店
**版　　次**:2001 年 10 月第 1 版　　2001 年 10 月北京第 1 次印刷
**开　　本**:850×1168 毫米　1/32
**印　　张**:7.5
**印　　数**:0001—4000 册
**定　　价**:9.00 元

# كىرىش سۆز

## قەيسەر قىزچاق

«ئاننىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» يەھۇدىي قىزچاق ئاننى فرانكنىڭ ئون ئۈچ ياشتىن ئون بەش ياشقا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا يازغان ھەقىقىي تۇرمۇش خاتىرىسى.

ئاننى فرانك مىلادى 1929 - يىلى 12 - ئىيۇندا گېرمانىيىنىڭ فرانكفورتتا تۇغۇلغان. 1933 - يىلى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى گېتلىر گېرمانىيىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى بىكار قىلىدۇ. ئاننىنىڭ دادىسى شىركەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پۈتۈن ئائىلىسىنى ئېلىپ دەرھال گوللاندىيىگە كېتىدۇ.

1939 - يىلى، ئاننى توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى گېتلىر گېرمانىيىدىكى يەھۇدىيلارنى قىرىشقا باشلايدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن گېرمانىيە گوللاندىيىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاننىنىڭ ئائىلىسى كۈنلىرىنى دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي گېرمانىيە ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى كەينى - كەينىدىن بېسىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار گېتلىرنىڭ قىرغىن قىلىش خەۋپى ئاستىدا، تەشۋىش ۋە ۋەھىمە ئىلكىدە ياشايدۇ.

ئاننى ئون ئۈچ ياشقا تولغان كۈنى بىر خاتىرە دەپتەرگە ئېرىشىدۇ. ئىدىيە جەھەتتە بالدۇر يېتىلگەن بۇ قىزچاقنىڭ ئەر-

كىنىلىكى داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مۇڭداشقۇدەك بىرەر سىرداش تاپالمىغان بۇ قىزچاق قاتتىق ئىچ پۇشۇقى تارتىدۇ. ئۇ خاتىرە دەپتەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى، ئۆپچۆرىسىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ۋە شەيئىلەرنى خاتىرە دەپتەرگە يېزىپ ماڭىدۇ. ئۇ كۈندىلىك خاتىرىنى دوستى قاتارىدا كۆرۈپ، ئىچ سىرلىرىنى خاتىرە دەپتەرگە ئىزھار قىلىدۇ.

ئاننى بۇ كۈندىلىك خاتىرىگە ئاتا - ئانىسى، دوستلىرىغا بولغان تەسىراتىنى، ئۆزىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش، ئىچ پۇشۇقى ۋە ئويلىغانلىرىنى راستچىللىق بىلەن يازىدۇ. بىز بۇ كۈندىلىك خاتىرىدىن ئاننىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى كۆزىتەلەيدىغان، ئۆز - ئۆزىنى تاۋلىيالايدىغان ھەم مۇھەببەتتە — ئىشتا جۇرئەتلىك قىزچاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ ئىسيانكار روھى ياشلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بالىلارغا سېلىشتۇرما بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلارغا باش ئەگمەيدىغان خاراكتېرى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئۆپچۆرىسىدە يۈز بەرگەن ئىشلار ۋە شەيئىلەرنى ئىنچىكە چۈشىنىپ، جاپا - مۇشەققەتكە باتۇرلۇق بىلەن يۈزلەنگەن قىزچاق.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاتا - ئانىلار ئاننىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىدىن ئۆز پەرزەنتلىرى ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش يولىنى ئىگىلەپ، ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۈركىلىشلەرنى ئازايتالايدۇ.

# ئەسەردىكى پېرسوناژلار



**ئاننى:** يەھۇدىي، كۈندىلىك خاتىـ-
رىنىڭ ئاپتورى. 1929 ـ يىلى تۇغۇلـ-
غان. ئۇن ئۈچ ياشقا تولغان كۈندىن
تارتىپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا كىـ-
رىشكەن. يېرىم ئايدىن كېيىن پۈتۈن
ئائىلىسى بىلەن مۇساپىرلارچە تۇرمۇش
كەچۈرۈشكە باشلىغان. ئۇن بەش ياشقا
تولغان يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن
قولغا ئېلىنىپ، جازا لاگېرىغا ئەۋەتىلـ-
گەن. 1945 ـ يىلى مارت ئايلىرىنىڭ
بېشىدا كېزىك كېسەللىكى بىلەن قازا
قىلغان. ئۇ شۇ چاغدا تېخى ئون
ئالتە ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى.



**ماگى:** ئاننىنىڭ ئاچىسى، ئاننىـ-
دىن ئۈچ ياش چوڭ. مۇلايىم، نازاكەتـ-
لىك ھەم ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق قىز-
چاق. ئۇنى دادىسى بىلەن ئاپىسى جېنىـ-
دىن چارە ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن بەزىـ-
دە ئاننى بىلەن گېپى بىر يەردىن چىقـ-
ماي قالىدۇ.

**فرانك ئەپەندى:** ئانىنىڭ دادىسى
هەم ئانىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك ئادىمى.
كەمتەر، رايىش هەم ئۈمىدۋار كىشى.
نېمىس، ئىنگلىز، گوللاند، لاتىن تى-
لى قاتارلىق نۇرغۇن تىللارنى بىلىدۇ.
شېئىر يازالايدۇ. سودا ساھەسىدىكى
ماگنات.



**مىربو:** گوللاندىيىلىك، فرانك-
نىڭ خىزمەتدىشى. جاپا - مۇشەققەتكە
ۋە تاپا - تەنىگە قارىماي ئىشلەيدۇ.
باشقىلارغا قىزغىن ياردەم قىلىدۇ. ئاد-
نى ئۇنى "خېچىر" دەپ تەسۋىرلەيدۇ.
ئۇ مەخپىي ئۆيدىكىلەرگە ھەمىشە يې-
مەكلىك ۋە كۈندىلىك بۇيۇم
يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.



**كوفوس ئەپەندى:** دولاۋېس شىر-
كىتىنىڭ باش مۇدىرى. ئانىلارنىڭ ئا-
ئىلىسىنى گېتلېرچىلارنىڭ زىيانكەش-
لىكىدىن ساقلاپ قالغان ئاساسلىق كى-
شى. ئېغىر ئاشقازان قاناش كېسىلى
بار. ئۇ شۇنداقتىمۇ مەخپىي ئۆيدىكى-
لەرنى تاشقى دۇنيادىن خەۋەردار قى-
لىپ تۇرىدۇ.





**ۋېنتان خانىم:** پېتىرنىڭ ئاپىسى. ساھىبجامال، تاماققا ئۇستا. ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ناز ـ كەرەشمە قىلىشقا ئامراق. شۆھرەتپەرەس، شەخسىيەتچى، قور- قۇنچاق، ھەمىشە ئېرى بىلەن تە- گىشىپ قالىدۇ.



**ئېللى:** گوللاندىيىلىك. ئانىدىن ئون ياش چوڭ. دولاۋېس شىركىتىنىڭ ماشىنىستكىسى. مۇلايىم، چاققان، مەخپىي ئۆيدىكىلەرگە دائىم ياردەم قى- لىپ تۇرىدۇ.



**پېتىر:** ئانىدىن ئىككى ياش چوڭ. جىمغۇر ۋە ئۇياتچان، قولىدىن مۆشۈك چۈشمەيدۇ. جىددىي ئىشلارغا يولۇققاندا ناھايىتى سالماق ۋە باتۇر. كېيىن ئاننى بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ.

# مۇندەرىجە

**1942 ـ يىل** ...... 1
تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى ...... 2
يەھۇدىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى ...... 12
قولغا ئېلىش قەغىزى ...... 23
مەخپىي ئۆي ...... 28
ۋېنتان ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ...... 34
جېدەل ...... 45
جازا لاگېرىدىكى يەھۇدىيلار ...... 51
سەككىزىنچى ھەمراھ ...... 64

**1943 ـ يىل** ...... 81
ئۇرۇش ئوتى ...... 82
ئىشىك ئالدىدىكى قۇلاق ...... 89
تۇغۇلغان كۈنىمدە ...... 98
ئوغرىلار كەلدى ...... 106
مەخپىي ئۆيدىكى بىر كۈن ...... 112
ۋىرئېن گۇمانلاندى ...... 122
بۇغما كېسەل تارقالدى ...... 130

**1944 ـ يىل** ........................................ 138
ئايىنىغان يۈرەك ................................ 139
قەدىرلىك نىجاتكار .................................. 150
مېنىڭ باھار كۆڭلۈم ................................ 152
بىزنى سېغىنغۇچىلىرىمۇ .............................. 157
ئاچامدىن كەلگەن خەت .............................. 171
چارلىغۇچى ساقچىلار ................................ 182
تۈنجى سۆيۈشۈش .................................. 189
دادامغا خەت ...................................... 196
كۆكتاتچى قولغا ئېلىندى .............................. 206
ئىتتىپاقداش ئارمىيە قورۇقلۇقتا چىقتى .................. 208
ئانىنىڭ قەلبى ...................................... 216

**خاتىمە: تەھرىرنىڭ تولۇقلىما بايانى** ........................ 220
مەخپىيەتلىكنى كىم ئاشكارىلىدى .......................... 221
گوللاندىيىدىكى مەخپىي ساقچى باش شتابى .................. 223
ۋېسدبورگ جازا لاگېرى .............................. 224
ئوسۋېتسىن جازا لاگېرى .............................. 225
بېگېن بېرسېن جازا لاگېرى .............................. 226

# 1942 - یل

## ● تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى

14 - ئىيۇن، شەنبە

تۈنۈگۈن ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم. چۈنكى بۇ كۈن ئالاھىدە، يەنە كېلىپ ماڭىلا مەنسۇپ بولغان كۈن ئىدى.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ يېقىملىق كۈن نۇرى چۈشسۇن دەپ ئاۋۋال ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى ئاچتىم. پاھ! سىرتتا ھاۋا شۇنداق تىنىق ئىدى! لېكىن ئاپام مېنىڭ مۇنداق ئەتىگەن تۇرۇۋېلىشىمغا يول قويمايتتى. ئۇ، مېنىڭ چوقۇم ئەتىگەن سائەت يەتتىدىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمنى چەكلىگەنىدى. بىراق، يەنە ياتسامۇ ئۇيقۇم كەلمەيدۇ. تولىمۇ ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ بىر سائەتنى قانداق ئۆتكۈزسەم بولار؟

مەن يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ ئاستا ئاشخانا ئۆيگە كىردىم. ئاسلان موكا مېنى كۆرۈپلا، دەرھال قۇچىقىمغا ئۆزىنى ئاتتى. دادام ۋە ئاپامنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيدە بىردەم تۇرۇپ، ياتاق ئۆيگە ئاستا يېنىپ كىردىم. بۈگۈن بولىدىغان خۇشاللىقلارنى ئويلاپ كارىۋاتتا تورۇسقا قاراپ ياتتىم.

سائەت يەتتە بولغاندا، خۇشاللىقىمدا دادام ۋە ئاپامنىڭ ھۇجرىسىغا ئۇسۇپ كىرىپ، ئۇلارغا تەزىم قىلدىم. ئۇلار ماڭا سوۋغىلارنىڭ مېھمانخانا ئۆيدىكى ئۈستەلدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئالغان سوۋغىلارنى ئېچىپ كۆرۈشكە ئالدىراپ ئۈچۈن ھۇجرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم!

مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ، ئۈستەلدە تۇرۇۋاتقان سوۋغىلارنى كۆردۈم. ئارىسىدىكى بىرى ناھايىتى چىرايلىق ئورالغانىدى. مەن يېقىن بېرىپ قارىدىم. ئىسمىم يېزىلغان بىر پارچە ئىسىم كارتوچكىسىمۇ سوۋغا بىلەن بىللە ئىدى. مەن ھاياجان ئىچىدە سوۋغىنى ئاچتىم. پاھ! خاتىرە دەپتەركەنغۇ بۇ! خۇشاللىقىمدا يىغلاپ تاشلىغىلى قىل قالدىم. بۇرۇن پۇرسەت بولسا، كۆڭۈل سىرلىرىم، شىرىن خىياللىرىم ۋە ئەسلىمىلىرىمنى يېزىپ قالدۇرغان بولسام دەيدىغان بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى. بۇ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن ئويلىمىغانىكەنمەن.

ئۈستەلدە يەنە نۇرغۇن سوۋغىلار بار ئىدى. بىر دەستە ئەتىرگۈل، بىر تال مۇدەنگۈل، گۈللەر بىلەن لىق تولغان بىر تەشتەك، بىر پارچە چاتما خەرىتە، بىر دانە بۇلاپكا، بىر بولاق كەمپۈت، بىر قۇتا شاكىلات، خەت ئويۇنى يېزىلغان بىر پارچە قەغەز، مەنزىرە چۈشۈرۈلگەن ئاتكرىتكا، يوسلىمامىنىڭ «گوللاندىيە چۆچەكلىرى»، دائىدىنىڭ «تاغدىكى دەم ئېلىش كۈنى» دېگەن كىتابى ۋە ئازىراق پۇل بار ئىدى. پۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تەئەللۇقكەن ـ دە! پۇللارنى سانىدىم. پاھ، ئۆزۈمدىن بۇرۇن ئالىمەن دەپ يۈرگەن «يۇنان ۋە رىم ئەپسانىلىرى» دېگەن كىتابنى ئاخىرى ئالىدىغان بولدۇم ـ دە!

ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي لېس كەلدى. ئىككىمىز مەكتەپكە ماڭدۇق.

دەرستىن چۈشكەندە ساۋاقداشلىرىمنى پىرەنىك يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

مەن تۇنۇگۈنكى كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ئۇ كۈن ماڭىلا مەنسۇپ بولغان، ھاياتىمدا بىرلا قېتىم كېلىدىغان ئون ئۈچ ياشقا

تولغان كۈن ئىدى! شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى بولغان ئىشلارنى خاتىرىلەپ قويۇش ئۈچۈن خاتىرە دەپتەرنىڭ ”مۇقەددىمىسى“نى ئاچتىم.

15 - ئىيۇن، دۈشەنبە

تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن دادام بىلەن ئاپام تۇغۇلغان كۈن شەرىپىگە ساۋاقداشلىرىم ۋە يېقىن دوستلىرىمنى ئۆيگە چاقىرىشىمغا ئالاھىدە قوشۇلدى. ساۋاقداشلىرىم، يېقىن دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى كەلدى، سورۇنىمىز بەك قىزىپ كەتتى. ئۇلارغا مىنچونجىل باش رول ئالغان «ماياك ساقلىغۇچى» دېگەن كىنونى قويۇپ بەردىم. بۇ كىنونى ھەممىسىلا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى.

بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈمنى قۇتلۇقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئوغۇل ھەم قىز ساۋاقداشلىرىم بار ئىدى. ئاپامنىڭ باشقىلاردىن مېنىڭ شاھزادەمنىڭ كىملىكىنى ئاستىرتتىن سۈرۈشتە قىلغانلىقىنى بىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن خەۋەرنى نەدىن ئاڭلىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ مېنى يەنىلا پىتىر بىلەن باردى - كەلدى قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان چېغى. شۇ چاغدا ئاپامغا:

”ئاپا، قالايمىقان ئويلاردا بولماڭ! پىتىر بىلەن ئالللىبۇرۇن ئايرىلىپ كەتتىم“ دېگۈم كېپكەتتى، قىزىق ئىش. ناۋادا پىتىر بىلەن ھازىرمۇ مۇناسىۋىتىم بولسا، بۈگۈن ئۇنى نېمىشقا چاقىرمايمەن؟

يېقىن ئوغۇل ساۋاقدىشىم بولمىغىنى بىلەن سىرداش قىز دوستلىرىم كۆپ ئىدى. بۇرۇن لېس، سانىنى مەن بىلەن بەك يېقىن ئۆتەتتى. كېيىن مەن يەھۇدىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ، يوربېل ئىسىملىك بىر قىزنى دوست تۇتتۇم. ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ كەتتىم. ئىككىمىز دەرسلەر توغرىسىدا ھەممىشە



مۇھاكىمە قىلىشاتتۇق. شۇنداق قىلىپ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق.

لېس يەھۇدىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە نۇرغۇن دوست تۇتتى. ئۇلارمۇ پات - پات كېلىپ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ كېتەتتى. سانىنىغا كەلسەك، ئۇ باشقا مەكتەپتە ئىدى. ئۇمۇ يېڭى دوست تۇتقاندى.

20 - ئىيۇن، شەنبە

مەن كۈندىلىك خاتىرە يازمىغىلى بىرنەچچە كۈن بولدى. لېكىن مەن ھەر كۈنى يېزىش كېرەكمۇ يوق، بۇنىڭغا ئىرەن قىلىپ كەتمەيمەن. ناۋادا خاتىرە دەپتەرنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بىر پاتمان مەنىسىز نەرسىلەرنى يېزىشقا توغرا كەلسە، بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن مۇشۇ كەمگىچە كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ باقمىغان. بۇ مېنىڭ دەسلەپكى كۈندىلىك خاتىرەم. شۇڭا نېمىلەرنى يېزىش كېرەك، ئالاھىدە دىققەت قىلمىسام بولمايدۇ. مەن يۈرەك قېتىمغا يوشۇرۇنغان، ئەڭ قىممەتلىك بولغان ھەقىقىي تەسىراتلىرىمنى قالدۇرماي يېزىشىم كېرەك، دەپ قارايمەن. شۇندىلا، مول ئىچكى دۇنيارىمغا يۈز كېلەلەيمەن ھەم مەڭگۈلۈك ئون ئۈچ يېشىمدىن ئەڭ قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرالايمەن.

"قەغەز ئادەمدىن سەۋرچان" دەپ كونىلار توغرا ئېيتقان. يېقىندا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشەندىم.

مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنى گويا دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇپ قېلىنغان بالىدەك ساناپ، غېرىبسىنىپ قاتتىق ئىچ پۇشۇقى تارتىپ كېتىۋاتاتتىم.

مېنىڭ دادام، ئاپام، ئون ئالتە ياشلىق ئاچام ھەم ماڭا

تولىمۇ كۆيۈنىدىغان تاغام ۋە هامىمام بار. پات ـ پات كېلىپ مەن بىلەن پاراڭلىشىدىغان دوستلىرىم ئوتتۇزدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىر تالاي ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم مەن بىلەن دوست بولۇشنى خالايدۇ (ئۇلار مەكتەپتە مېنى ئەينەكتىن ئوغرىلىقچە كۆرىدۇ)، شۇڭا ئۆزۈمنى بەختلىك، ھەممە نەرسەم تولۇق ھېس قىلسام بولاتتى. ئەمما كۆپچىلىك بىلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلاشسامۇ، ھېس ـ تۇيغۇلىرىم توغرۇلۇق ھېچكىم بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلىشىپ باقمىدىم.

نېمىشقا بۇنداق؟ باشقىلارنىڭ قەلبىمنى ھەقىقىي چۈشىنەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىم ئۈچۈن بولسا كېرەك! بۇ ھالنى ئۆزگەرتمەك ماڭا تەس. مۇشۇ خاتىرە دەپتەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن كۆڭۈل سىرلىرىمنى يوشۇرماي تەپسىلىي دېگىلى بولىدىغان مۇشۇ خاتىرە دەپتەرنىڭ خۇشاللىق ۋە ئازابتىن مەن بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ھە! چۈشەندىم، مېنىڭ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشتىن مەقسىتىم، ئەسلىدە بىرەر سىرداش دوستۇمنىڭ يوقلۇقىدىن ئىكەن ـ دە!

مەن خاتىرە دەپتەرنى سىردىشىم دەپ بىلىش، خاتىرە دەپتەرگە يۈرەك ئىزهارىمنى يېزىش، ھەقىقىي سىرداش تاپمىغۇچە خاتىرە دەپتەرنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەسلىكنى نىيەت قىلدىم.

توغرا! بۇ خاتىرە دەپتەرگە ئىسىم قويۇش كېرەكلىكىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ”چىت“ دەپ ئىسىم قويدۇم.

شۇنىڭ بىلەن كاللامغا ئۇشتۇمتۇت ”چىت“ قا خەت يېزىش ئويى كەلدى. مۇشۇنداق قىلسام، مېنىڭ بۇ خەتنى ئۆزۈمگە يازغانلىقىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بەك ياخشى بولدى! مۇشۇنداق قىلايچۇ!

ئەمدى چىتقا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

دادام ئوتتۇز ئالتە يېشىدا ئۆيلەنگەنىكەن. شۇ چاغدا ئاپام

يىگىرمە بەش ياشتا ئىكەن، ئاچام ماگى 1926 - يىلى گېرماند-
يىنىڭ فرانكفورتقا قاراشلىق مىرئېيىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغاند-
كەن. مەن 1929 - يىلى تۇغۇلغان ئىكەنمەن. بىز ھەممىمىز
يەھۇدى.

بىز ئەسلى گېرمانىيە پۇقرالىرى ئىدۇق. لېكىن گېتلىر
ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن يەھۇدىيلارنى توختىماي
چەتكە قاقتى. يەھۇدىيلەرغا قارشى ئەمر - پەرمانلارنى ئېلان
قىلىپلا قالماي، باشقا دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن زور كۆچ
بىلەن ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتتى. بىز ۋە ھەرقايسى جايدد-
كى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمىزنىڭ كۆڭلىرى
تەشۋىش ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى.

دادام 1933 - يىلى دولاۋېس شىركىتىنىڭ باش دىرېكتور-
لۇق ۋەزىپىسى بىلەن گوللاندىيىگە ئەۋەتىلدى. بىزمۇ دادام بىلەن
گوللاندىيىگە بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدۇق. دولا-
ۋېس شىركىتىنىڭ شۇ شىركەت بىناسىدىكى كلون شىركىتى
بىلەن كارخانا مۇناسىۋىتى بار ئىدى. دادام كلون شىركىتىنىڭ
پايچېكى ئىدى.

گېتلىر 1938 - يىلى گېرمانىيىدىكى يەھۇدىيلەرنى قىرىش-
قا باشلىدى. ئىككى تاغام يوشۇرۇنچە ئامېرىكىغا قېچىپ كەتتى.
ياشانغان چوڭ ئاپام (ئۇ شۇ چاغدا يەتمىش ئۈچ ياشتا ئىدى)
بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىۋالدى.

گېرمانىيە 1940 - يىلى مايدا گوللاندىيىگە ھۇجۇم قىلدى.
نەچچە كۈندىن كېيىن گوللاندىيە تەسلىم بولدى. نېمىسلارنىڭ
كېلىشى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ كۆلپەتلىك كۈنلىرى باشلاندى.

گېتلىر گوللاندىيىنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن يەھۇدىيلارغا
قارشى ئەمر - پەرمانلارنى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلدى.
گېتلىر: يەھۇدىيلار مەيدىسىگە ئالتە شوئارلىق سېرىق بەلگە

تاقايدۇ، بۇنىڭدىن يەھۇدىيلارنى پەرق ئېتىش ئاسان بولىدۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ماشىنا ھەيدىشى، ترامۋايدا ئولتۇرۇشى مەنئىي قىلىنىدۇ، ئۆيلىرىدىكى ۋېلىسىپىتلىرىنى تاپشۇرىدۇ، كەچ سا-ئەت سەككىزدىن كېيىن سىرتقا چىقمايدۇ، ھەتتا ھويلىلىرىدا ئولتۇرسىمۇ بولمايدۇ. پەقەت ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن - بەشكىچە بەلگىلەنگەن ماگىزىنلاردىن نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدۇ، كىنو - تىياتىرخانا. شۇنىڭدەك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا، سۇ ئۈزۈش ئورنى، چويلا توپ مەيدانى قاتارلىق تەنتەربىيە مەيدانلىرىغا كىرىشى ئوخشاشلا مەنئىي قىلىنىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ خرىستىئانلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يەھۇدىيلار يەھۇدىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇي-دۇ . . . ۋەھاكازالارنى جاكارلىدى.

شۇنداق قىلىپ بىز ئەركىنلىكىمىزدىن پۈتۈنلەي ئايرىل-دۇق. ئېھتىيات قىلمىساقلا ئەمر - پەرمانلارغا خىلاپلىق قىلغان بولۇپ قالاتتۇق.

لېكىن، بىز ھامان ياشىشىمىز كېرەكتە! خۇددى يوربېل ئېيتقاندەك: ”بىز بۇ ئىش مەنئىي قىلىنغان دەپ قورقۇپ ئول-تۇرساق بولمايدۇ!“ تۇرمۇشىمىز ئىنتايىن قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىز يەنىلا چىداپ كېلىۋاتاتتۇق.

چوڭ ئاپام بۇ يىل يانۋاردا تۈگەپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۆيدى-كىلەر ھەممىمىز تولىمۇ قايغۇغا پاتتۇق. چوڭ ئاپامنىڭ ئۆلۈمى ماڭا شۇنچىلىك قاتتىق زەربە بولدى. بۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چوڭ ئاپامغا بولغان مۇھەببىتىم-نى يۈرەك قېتىمغا يوشۇرۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايدىغان بول-دۇم.

1934 - يىلى مونتىرولىبي يەسلىسىگە كىردىم. مەكتەپ تۇرمۇشىنى شۇ يەردە باشلىدىم.

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئوقۇتقۇچىم بىلەن خوشلاشتىم. ئوقۇتقۇچىم مېنىڭ يەھۇدىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇيدىغانلىقىمنى تىلغا ئالغان چاغدا، ھەر ئىككىلىمىز يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلىك قىسمەتتىن ئۆزىمىزنى تۇتالماي قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق. قەلبىم ئازابقا تولغانىدى! بۇلتۇر سېنتەبىردە ئاچام بىلەن بىللە يەھۇدىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىگە باردىم. ئاچام تۆتىنچى يىللىقتا ئىدى، مەن بىرىنچى يىللىققا كىردىم.

ھازىرغا قەدەر بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ناھايىتى ياخشى تۇرىۋاتىمىز. مەن يەنىلا يەھۇدىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىمەن. ئۆزۈمنى مۇشۇ يەرگىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ئەمدى چىتقا يازىدىغان بىرىنچى پارچە خېتىمنى باشلايمەن.

قەدىرلىك چىت:

مەن سەل تۇرۇپ سىرتقا چىقىمەن. ئۆي ئىچى ناھايىتى تىنچ. دادام بىلەن ئاپام نەرسە - كېرەك ئالغىلى بازارغا، ئاچام ماگى تىك - تاك توپ ئوينىغىلى دوستىنىڭكىگە كەتتى.

مەن يېقىندىن بېرى تىك - تاك توپ ۋە مارۇژنىغا ئامراق بولۇپ قالدىم. تىك - تاك توپنى ھەر قېتىم چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكۈچە ئوينايمەن، ئاندىن يېقىن ئەتراپتىكى دۇكانغا بېرىپ مارۇژنا يەيمەن. دېففېل ۋە ئۇشىس دەيدىغان مۇشۇ ئىككى دۇكاننىلا يەھۇدىيلار كىرەلەيدۇ. مەن پات - پات مۇشۇ ئىككى دۇكانغا كىرىپ يانچۇقۇمدىكى پارچە پۇللارنى پاكپاكىز خەجلىۋېتىپ چىقىپ كېتىمەن. بەزىدە يورىبىل ئىككىمىز بىرەر تونۇشمىزنى ياكى ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمىزنى مارۇژنا يېيىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمغا گەپ

قىلسام، سەن بۇنىڭدىن ھەيران قالمايدىغانسەن؟ ئەسلىدە ھېچ ئىش يوق، بۇ بىزنىڭ مەكتىپىمىزدە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال.

ساڭا شۇنى دەپ قوياي، ناۋادا بىرەر ئوغۇل ساۋاقدىشىم ئالدىمغا كېلىپ، ماڭا ئۆزىنىڭ مەن بىلەن بىللە ۋېلىسىپىتلىق ئۆيگە قايتقۇسى بارلىقىنى دېسە، كېيىن ئېيتالايمەنكى، ئۇ جىددىيلىشىپ تەمتىرەپ كېتىدۇ. كۆزلىرىنى مەندىن ئۆزۈۋالالمايدۇ. مەن ئۆزۈمنى تەبىئىي تۇتۇپ، ئۇنىڭغا دوستانە نەزەرىمنى تىكىپ تۇرۇپ گەپ قىلسام ۋە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولسام، ئۇ بۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇ "دادامنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدىغان" بىرەر ئىشنى تىلغا ئالسا، مەن ۋېلىسىپىتىمنى قەستەن قىڭغايتىمەن، سومكام يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇ يەردىن سومكامنى ئېلىش ئۈچۈن ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىمەن.

سەن غەم قىلما، مەن ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم بىلەن ناھايىتى پاكىز تېمىلار ئۈستىدە پاراڭلىشىمەن. ناۋادا ماڭا نىسبەتەن يامان نىيەتتە بولۇپ، مېنى قۇچاقلاش ياكى سۆيۈش ئويىدا بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ خىلىنى تاپالماي قاپتۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئۇچراپ قالسام، دەرھال ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مېڭىشنى رەت قىلىمەن ياكى قاتتىق ھاقارەتلەنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭغا:

— كۆزۈمدىن يىراقراق تۇرۇڭ! — دەيمەن.

ئاھ! چىت، شۇنچىلىك كۆپ گېپىمنى ئاڭلىدىڭ، مېنى ئەمدى تېخىمۇ چۈشەنگەنسەن؟ بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق دەپ ئويلايمەن. شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە ئەتە پاراڭلىشايلى!

## ● پەھۋدىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى

21 - ئىيۇن، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

يېقىندىن بۇيان سىنىپىمىزدىكىلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە، مەكتەپ ئىلمىي ئىشلار يىغىنى پات ئارىدا ئېچىلىدۇ. نۇرغۇن ساۋاقداشلارنىڭ ئاغزىدا ئەتىدىن - كەچكىچە كىم سىنىپ كۆچىدۇ، كىم سىنىپ قالىدۇ، مۇشۇلا گەپ.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن جىكىس قەھۋەخانىسىدا دادامنىڭ خىزمەتدىشى مىربوغا يولۇقۇپ قالدىم. بىز ئولتۇرۇپلا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق، كەينىمدە ئىككى ئوغۇل ساۋاقدىشىم ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار يۇقىرى ئاۋازدا توختىماي پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئىككىلىسىنىڭ ئاغزىدىن: ”سەن كۆچىسەن“، ”مەن كۆچەلمەيمەن“، ”ياق، مەندە چاتاق يوق“ دېگەندىن باشقا گەپ چىقمايتتى. ئۇلارنىڭ گېپىدىن چىشى قېرىشقان مىربو ”زۇۋانىڭلارنى ئۈچۈرسەڭلارچۇ!“ دېگىلى ئۇلارنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئازراق سەۋر قىلىشىنى، ئۇلار بىلەن كارى بولماسلىقىنى ئېيتتىم.

مېنىڭچە، سىنىپتىكى تۆتتىن بىر ساۋاقداش سىنىپ قالاتتى. لېكىن، ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنى ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. مەن ۋە مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ نەتىجىسى يامان ئەمەس ئىدى. سىنىپ قالمايتتۇق، ئىسىملىك ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بىرەر يەرنى تېپىپ راۋرۇس يايرىۋالىمىز!

مەن ماتېماتىكىدا ياخشى ئەمەس (ئۆتەلەمدىم يوق، بىلمەي-

مەن) ئەمما باشقا پەنلەردە ئالغان نومۇرىم يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر ئوقۇتقۇچى بىلەن ياخشى ئۆتىمەن (جەمئىي توققۇز ئوقۇتقۇچى بار، ئۇلارنىڭ يەتتىسى ئەر، ئىككىسى ئايال). ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى كارفوت مېنى ئۇششاق گېپى تولا، ماتېماتىكىدا ياخشى ئەمەس تۇرۇپمۇ كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئاڭلىمايدۇ، دەيدۇ.

كارفوت مۇئەللىم خېلىلا ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىدى، بىر قېتىم دەرسخانىدا بىر ساۋاقدىشىم بىلەن پىچىرلىشىپ ئولتۇرغانلىقىم ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. شۇڭا ئۇ ماڭا "ۋىتىلداق خوتۇن" دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يېزىشنى بۇيرىدى. ئاھ! "ۋىتىلداق خوتۇن" تېمىسىدا راستىنلا تۈزۈكرەك بىرنەرسە يازغىلى بولارمۇ؟ شۇ چاغدا بۇ تېمىنى تاپشۇرۇق دەپتىرىمگە كۆچۈرۈپ قويدۇم. ھازىرچە بۇ توغرۇلۇق ئويلىمايمەن.

بىر كۈنى كەچ دەرسلىرىمنى تەكرار قىلىپ بولۇپ، تاپشۇرۇق دەپتىرىمنى ئالدىم. "ۋىتىلداق خوتۇن" دېگەن خەتلەرنى ھەجىلەپ ئاران ئوقۇدۇم. ھەي! "ۋىتىلداق"لىقنىڭ ياخشى تەرەپىنى ئىسپاتلاپ، ئوقۇتقۇچىنى قايىل قىلىش ھەم ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ گەپ قىلىشىمغا چەك قويمايدىغان قىلىش ھەقىقەتەن تەس! مەن يېنىش ـ يېنىش ئويلاندىم، بىردىنلا ئىلھامىم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماقالىنى مۇنداق يازدىم:

"تولا گەپ قىلىش" ئاياللارنىڭ خاراكتېرى، بۇ خاراكتېرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن جىمغۇرلۇقنى ئۆگىنىش ئەڭ ياخشى ئىش. ئەپسۇسكى، بۇ ئادەت ماڭا ئاپامدىن يۇققان. ئاپامغا ئاپىسىدىن يۇققان. ئاپامنىڭ ئاپىسىغا ئاپامنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاپىسىدىن يۇققانىكەن. . . شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ خاراكتېرىگە مەن

ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مەن گەپ قىلىشقا خۇشتار بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلاردىن جىق گەپ قىلىمەن، ئىرسىيەت سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن خاراكتېرنى قانداق تىزگىنلەش كېرەك، بۇنى ماڭا كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟

بۇ كۆزقارىشىم كارفوت مۇئەللىمنى چارىسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. كارفوت مۇئەللىم ئەتىسى دەرستە ماقالەمنى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ مېنى ”قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان ۋاتىلداق خوتۇن“ دېگەن تېمىدا يەنە بىر پارچە ماقالە يېزىشقا بۇيرۇيدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىكەنمەن. ئىككىنچى پارچە ماقالىنى تاپشۇرۇپ بولغان كېيىنكى ئىككى قېتىملىق دەرستە ئۇ ماڭا ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما، ئۈچىنچى قېتىملىق دەرستە، ئۇ مېنىڭ دەرسخانىدا يەنىلا پىچىر - پىچىر قىلىپ ئولتۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ:

— ئاننى، قۇم ئېغىزلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى جازالايمەن. سىز بۇ قېتىم ”ئاغزى يوغان خانىم: غاق، غاق، غاق دەيدۇ“ دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ كېلىسىز! — دېدى.

بۇ تېمىنى ئاڭلاپ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى. ھەتتا مەنمۇ كۈلۈۋەتتىم. ئالدىنقى ئىككى پارچە ماقالىنى يازغىچە مېڭەمنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكەنىدى. ئەمدى ھەرقانچە قىلساممۇ كاللامدىن بىرنەرسە چىقمايتتى. شۇنداقتىمۇ چوقۇم يېڭى بىر ھۈنەر تېپىشنى ئويلۇدۇم.

سانىنى شېئىر يېزىشقا ئۇستا ئىدى. مەن بۇ ماقالىنى شېئىر شەكلىگە سېلىش ئۈچۈن ئۇنى تەكلىپ قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مۇكەممەل بىر كۇپلېت شېئىر يېزىلدى. بۇ شېئىردا بىر چىشى ئۆردەكنىڭ ئۈچ بالىسى بىلەن بىر ئەركەك غازغا تەگكەنلىكى،

بالا ئۆردەكلەرنىڭ جىدەلخورلۇقى، ئەركەك غازنىڭ ئۇلارنى ئەدەپلەپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغانلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى. كىشىنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ كېتىدىغان ئۆردەكلەرنىڭ ئاۋازىنى ”غاق، غاق، غاق“ دېگەن سۆزلەر بىلەن سۈپەتلىدىم. چىشى ئۆردەككە كەلسەك. ئۇنى ”ئاغزى يوغان خانىم“ دېدىم. چۈنكى، ئۆردەكنىڭ ئاغزى ناھايىتى يوغان.

كارفوت مۇئەللىم بۇ ھەجۋىي شېئىرنى سىنىپتا دېكلاماتسىيە قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەن دەرسخانىدا مەيلى قانچىلىك گەپ قىلاي، ئۇ ماڭا نورمىدىن سىرت تاپشۇرۇق بەرمەيدىغان بولدى. لېكىن، ئۇ بەزىدە مۇشۇ شېئىر بىلەن مېنى مازاق قىلاتتى، ئەركەك غازنىڭ مېنى ئەدەپلەپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇشىدىن ھەزەر ئەيلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتاتتى. ئۇنىڭ بۇ شېئىرنى باشقا سىنىپتىكىلەرگە دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەنلىكىنى، بەك ياخشى يېزىلغان دەپ مېنى ماختاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

24 ـ ئىيۇن، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت!

بۈگۈن ھاۋا ئاجايىپ ئىسسىق! مەن گويا ئوچاقتىكى مېتالدەك ئېرىپ كېتەي دېدىم. مەن ھاۋانىڭ شۇنداق ئىسسىقلىقىغا قارىماي، ئايتاپتا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈيمەن. تراموايدا ئولتۇرغانلارغا قالتىس ھەۋىسىم كېپكەتتى! ئاۋادا تراموايدا ئولتۇرۇپ دېرىزىدىن كىرگەن غۇر ـ غۇر شامالدا سالقىندىغان بولسام قانچىلىك ياخشى بولاتتى ـ ھە! تراموايغا شۇنچىلىك كۆپ تۇرسا، سىراۋلار قىتىغۇرلۇق قىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ تراموايغا چىقىشىنى نېمىشقا مەنئىي قىلىدۇ؟

نەچچە كۈن بولدى، مەكتەپتىن يېنىپ ئۆزۈم يالغۇز روگىن

سىدۇرلىيىدىكى بىر چىش دوختۇرخانىسىغا بىرىپ چىشىمنى كۆرسىتىمەن. مەكتەپ بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يى-راق! بەزىدە ئىسسىقتا ئايلىنىپ قالغىلى تاس قالىمەن. تەلىيىم-گە، دوختۇرنىڭ ياردەمچىسى ياخشىكەن، ئۇ ماڭا نەچچە ئىستا-كان ئىچىملىك بىرىدۇ. بولمىسا، ئۇسساپ ئۆلۈپ قالغان بولاتت-تىم! شۇڭا تۈنۈگۈن ئۇ يەرگە كىمىگە چۈشۈپ باردىم.

مەن ئۇسىف ئىبىردىن يولغا چىققان كىمىگە چىقتىم. كې-مىچى مىنىڭ كىمىگە چىققانلىقىمنى ئاڭلاپ، يۈگۈرگەن پېتى ئالدىمغا كەلدى! ھەي! نىمىسلار يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىل-غان بىلەن گوللاندىيىلىكلەر يەھۇدىيلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلى-دۇ!

مىنىڭ پەقەت مەكتەپكە بارغۇم يوق، چۈنكى ۋېلىسىپىتىمنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى، دادام ئاپامنىڭ ۋېلىسىپىتىنى نەچچە كۈن-نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تۇرسۇن دەپ بىر خرىستىئاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، يازلىق تەتىلگە ئاز قالغانى-دى. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن جاپا تارتىپ مېڭىپ يۈرمەيتتىم.

تۈنۈگۈن دەرستىن چۈشكەندە خۇشاللىنارلىق بىر ئىش يۈز بەردى.

مەن ۋېلىسىپىت قويىدىغان لاپاسنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتى-ۋېتىپ، توساتتىن بىرسىنىڭ مىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ قال-دىم. كەينىمگە قارىدىم، ئەسلىدە ئۇ تولىمۇ قاملاشقان بىر ئوغۇل ساۋاقداش ئىكەن. مەن ئۇنى ئالدىنقى كۈنى قىز ساۋاقدى-شىم ئىۋۇرنىڭكىدە كۆرگەنىدىم. ئۇ ئىزا تارتىپراق ئالدىمغا يۈ-گۈرۈپ كېلىپ، ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئىسمى — ئايرېي ئىكەن. مەن ھەيران بولدۇم. ئۇنىڭ نىمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەي-مەن. ئۇ مەندىن مىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەكتەپكە بىرىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا يولىمىز

بىر بولسىلا، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ رازى ئىكەنلىكىمنى دېدىم. بىز بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە بىللە بېرىشقا ۋەدىلەشتۇق.
بۈگۈن ئايرىپىنىڭ ئون ئالتە ياشقا تولغان كۈنى. ئۇ نۇرغۇن قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى بىلىدۇ. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا بىزنىڭ-كىگە كېلىپ، مېنى ساقلاپ تۇردى. مېنىڭچە ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭكىگە ھەر كۈنى كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئاڭلايمەن.

30 ـ ئىيۇن، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

نەچچە كۈندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ساڭا خەت يازالمىدىم. ئۆتكەن پەيشەنبە كۈنى كۈنبويى دوستلىرىم بىلەن بىرگە بولدۇم. جۈمە كۈندىن تا بۈگۈنگە قەدەر ئۆيىمىزدىن مېھمان ئۈزۈلمىدى. قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، سەن بىلەن مۇڭدى-شىدىغانغا مانا ئەمدى ۋاقىت چىقتى.

ئارىلىقتا بىر ھەپتە ئۆتتى، مەن ئايرىپىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. ئۇ ماڭا ئۆزى توغرۇلۇق كۆپ ئىشلارنى دەپ بەردى. ئايرىپ گوللاندىيىگە ئۆزى يالغۇز كەلگەنىكەن. چوڭ دادىسى ۋە چوڭ ئاپىسى بىلەن بىرگە تۇرىدىكەن. ئاتا ـ ئانىسى بېلگىيىدە ئىكەن. ئايرىپىنىڭ فېننىي ئىسىملىك بىر قىز دوستى بار. بۇ قىزنى مەن تونۇيمەن. ئۇ جاھىل ۋە غەمكىن قىز. ئايرىپ ماڭا، فېننىي بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا ئۆزىنى چۈش ئىچىدە ياشاۋات-قاندەك ھېس قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئە-مەسلىكىنى دەپ بەرگەنىدى. ئۇ مەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئېچىلىپ كەتتى.

يورىيل شەنبە كۈنى بىزنىڭكىدە قونۇپ قالدى. يەكشەنبە كۈنى لېسلارنىڭكىگە باردۇق. يورىيل كەتكەندىن كېيىن بىر دىنلا

ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. ئەسلىدە ئايرىپ بىلەن بۈگۈن كەچ بىزنىڭ-كىدە كۆرۈشۈشكە دېيىشىپ قويغانىدۇق. لېكىن چۈشتىن كې-يىن سائەت ئالتىدە ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىز تېلېفون كەلدى. ئۇ:

— ئاننى، كەچۈرۈڭ! بۈگۈن كەچ پاراڭلاشقىلى سىزنىڭ-كىگە بارالمايدىغان بولدۇم. ئەمما، سىزگە دەيدىغان گەپ بار. يېنىڭىزغا بېرىپ ئون مىنۇتتىن كېيىن قايتىمەن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ. سەل تۇرۇپ كۆرۈشەيلى!

مەن تېلېفوننى قويۇپ قويۇپ، دەرھال پىلاشىمنى كىيدىم، چاچلىرىمنى بىرقۇر تۈزەشتۈرۈپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى دېرىزە ئالدىدا ئۇنى ساقلىدىم. كۆپ ئۆتمەي ئايرىپ ئالدىراش يېتىپ كەلدى.

مەن ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا گېپىنى باشلىدى:

— ئاننى، چوڭ ئاپام ماڭا مېنىڭ سىز بىلەن دائىم بىللە بولماسلىقىمنى ئېيتتى. ئۇ سىزنى بەك گۆدەك چاغلايدىكەن. ئەمما خاتىرجەم بولۇڭ. پۇرسەت چىقسىلا سىزنى كۆرگىلى پات - پات كېلىپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈندىن باشلاپ فېننىي بىلەن ئوينىمايمەن.

— نېمىشقا؟ سوقۇشۇپ قالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇ-نىڭدىن.

— ياق! سوقۇشۇپ قالمىدۇق. مەن فېننىيغا دېدىم. مىجە-زىمىز قاملاشمايدۇ، ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن ئوينىمىغىنىم تۈ-زۈك. بىراق، مەن ئۇنىڭ بىزنىڭكىگە داۋاملىق كېلىشىنى قار-شى ئالىمەن. ئۇنىڭكىگە بېرىپ ئويناشنى مەنمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

توغرا! بۈگۈندىن باشلاپ ھەر چارشەنبە كۈنى كەچتە ۋاقتىم بار. بۇرۇن چارشەنبە كۈنى كەچلىرى ياغاچ ئويما دەرسىگە بارد-مەن، دەپ يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي ھەرىكىتى يىغىنىغا باراتتىم.

چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئاپام يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي ھەرىكىتىگە بەك قارشى. لېكىن، مەن باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئىشىنىدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇ سورۇندا ناھايىتى كۆپ يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. يېقىندا ئۇلار يىغىننى ئوبچە تاماققا ئۆزگەرتتى. شۇڭا مەن چېكىنىپ چىقماقچى بولىۋاتىمەن. بۇ چارشەنبە كۈنى ئۇلارنىڭ يىغىنىغا ئاخىرقى قېتىم قاتنىشىمەن. ئەمدى ھەر چارشەنبە كۈنى كەچ، شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقىت ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ چىقىدۇ.

— چوڭ ئاپىڭىز سىزنىڭ مېنىڭ بىلەن بىللە بولۇشۇمغا قارشى تۇرۇۋالسا، بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ مېنى كۆرگىلى ئوغرىلىقچە كېلەمسىز؟

— ئەنسىرىمەڭ! مۇھەببەتنىڭ كۈچى ياخشى چارىلەرنى تېپىشىمغا ياردەم قىلىدۇ!

مەن ئۇنىڭ بىلەن دوقمۇشتىكى كىتابخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، پېتر ئىككى دوستى بىلەن شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. پېتر مېنىڭ ئايرىي بىلەن كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ماڭا قولىنى پۇلاڭلىتىپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— خاللو! — دەپ توۋلىدى.

بۇ ئۇنىڭ بىز ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم سالام ـ سائەت قىلىشى ئىدى. مەن خۇرسەن بولدۇم. نېمىلا دېگەن بىلەن بىز دوست ـ تە!

ئايرىي ئىككىمىز كېتىۋاتىمىز. شۇ ماڭغىنىمىزچە ئەتە كۆرۈشىدىغان يەرگە بېرىپ ئايرىلدۇق.

3 ـ ئىيۇل، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ئايرىي بۈگۈن دادام بىلەن ئاپامنى يوقلاپ كەلدى. مەن ئۇنى

قايماقلىق تورت، قەنت - گېزەك، چاي ۋە ئالىي دەرىجىلىك پىرەنىكلەر بىلەن مېھمان قىلدىم. ئايرېي ئىككىمىز چوڭلار سورىغان سوئاللارغا ئۇدۇللۇق جاۋاب بېرىپ، بۇتتەك ئولتۇرۇش-نى خالىمىدۇق. بىرەردەم ئولتۇرۇپ ئاندىن سىرتقا چىقتۇق. بىز ماڭغاچ پاراڭلاشتۇق، پارىڭىمىز كۆڭۈللۈك بولدى، ئۇ مېنى ئۆيگە ئەكېلىپ قويغان چاغدا كەچ سائەت سەككىزدىن ئون مىنۇت ئۆتكەنىدى.

دادامنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. يەھۇدىيلارنىڭ كەچ سا-ئەت سەككىزدىن كېيىن سىرتلاردا يۈرۈشى بەك خەتەرلىك ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن كەچ سائەت يەتتىدىن ئەللىك مىنۇت ئۆتكۈچە چوقۇم ئۆيگە قايتىپ كېلىش توغرۇلۇق دادام مەندىن ۋەدە ئالدى.

يېقىندىن بېرى يورىېل ئايرېينىڭ ئىشىنى دەستەك قىلىپ، مېنى مازاق قىلىدىغان، سەن مۇھەببەت توزىقىغا چۈشۈپ كەت-تىڭ، دەيدىغان بولىۋالدى! مەن ھېچقاچان ھەرقانداق بىر ئوغۇل بالىغا مەپتۇن بولۇپ قالغان، مېنى بىرەر ئوغۇل بالا مۇھەببەت دەرياسىغا ھەقىقىي غەرق قىلىۋەتكەن ئەمەس.

ئېۋانىڭ دېيىشىچە، ئايرېي بىر كۈنى كەچ ئۇنىڭكىگە بار-غان. ئۇ ئايرېيدىن:

سىز فېننىي بىلەن ئاننى ئىككىسىدىن قايسىسىنى ياخشى كۆرىسىز؟ — دەپ سورىغان. ئايرېي:

— سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن، — دېگەن.

ئايرېي ئۆيىگە قايتىدىغاندا، ئېۋاغا توساتتىن پىچىرلاپ تۇ-رۇپ:

— سىزگە ئېيتاي، مەن ئاننىنى ياخشى كۆرىمەن! باشقى-لارغا دېگۈچى بولماڭ! — دەپ كېتىپ قالغان.

مەن ئايرېي مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، دەپ ئويلايمەن! ماگى ئايرېينى قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىت دەيدۇ. مەن

ئۇنىڭ كۆزقارىشىغا قوشۇلىمەن. لېكىن، ماڭا ئاپامنىڭ سۆپەت-لىشى ئورۇنلۇق تۇيۇلىدۇ. ئاپام ئايرىيىنى كېلىشكەن بولۇپلا قالماي، بەلكى سالاپەتلىك دەيدۇ.

ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئۇنى ماختىغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇش بولدۇم. ئۇمۇ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنى قەۋەت ياخشى كۆرىدۇ. ئايرىي مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ ھەربىرىنى تازا يېتىلمىگەن دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ماڭىمۇ شۇنداق تۇيۇلىدۇ.

5 - ئىيۇل، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

بىزنىڭ مەۋسۇملۇق ئۆگىنىش نەتىجىمىز چىقتى. يەھۇدىي-لار ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان تاختايدا ئېلان قىلىندى.

مېنىڭ نەتىجەم يامان ئەمەس ئىدى. بىر پەندە تولۇق نو-مۇر، ئىككى پەندە ئالتە، ماتېماتىكىدا بەش، قالغان پەنلەرنىڭ بەزىسىدە يەتتە، بەزىسىدە سەككىز نومۇر ئاپتىمەن. ئۆيدىكىلەر بۇنىڭدىن ئىنتايىن خوش بولدى.

دادام بىلەن ئاپام نەتىجىگە تازا ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتى، ئۇلارغا مېنىڭ تېنىم ساق، كۆڭلۈم خۇشال بولسىلا كۇپايە ئىدى. ئەمما، مەن ناچار ئوقۇغۇچى بولۇشنى خالىمايتتىم. باش-لانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، بىر قېتىم لېس ئىككىمىز مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق. مۇدىر ئىككىمىزنى ئالايتەن ئالدىغا چاقى-رىپ، يەھودىيلار مەيلى قانچىلىك ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرى-سۇن، بىزنىڭ ياخشى ئوقۇپ، تېخىمۇ كاتتا شان - شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنى تاپىلىغانىدى.

ئاچام ماگىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ناۋادا مەكتەپتە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى تەسىس قىلىنغان بولسا،

ئۇ بۇنىڭغا جەزمەن ئېرىشكەن بولاتتى.

يېقىندىن بۇيان دادامنىڭ شىركىتىنىڭ تىجارىتى ياخشى بولمىغاچقا، دولاۋېس شىركىتىنىڭ باش مۇدىرلىقىنى كوفوس ئەپەندى ئۆتكۈزۈۋالدى، كلون شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇقىنى گرويتېر ئەپەندى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. دادام ھازىر بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپرەك ئۆيدە بولىدىغان بولدى. دادامنىڭ بەك ئىچى پۇشۇپ كەتسە كېرەك، دەپ ئويلايمەن!

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا دادام ماڭا تۇيۇقسىز كەسكىن ھالدا:

— ئاننى، بىز يوشۇرۇنۇشقا تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك! — دېدى.

ئۇنىڭ نېمە داۋاتقانلىقىنى بىلمىدىم. ئۇ:

— بىلەمسەن؟ بىز ئۆيدىكى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي بىساتلىرىنى خەقنىڭكىگە ئاپىرىپ قويدۇق. بۇنىڭغا بىر يىل بولدى. بىز مال - مۈلكىمىزنى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئىگىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلمايمىز. ئۆزىمىزنىڭ گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلمايمىز. شۇڭا يوشۇرۇنۇۋېلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— نەگە يوشۇرۇنۇۋالىمىز؟ — دادامنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى قىياپىتى ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز جىددىيلىشىپ كەتتىم.

— سەن ئەنسىرەپ كەتمە. ھەممىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دادام شۇنداق دەپ ماڭا تەسەللىي بەردى.

ئاھ! مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن؟

## ● قولغا ئېلىش قەغىزى

8 ـ ئىيۇل، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

يەكشەنبە كۈنىگە يەنە نەچچە كۈن قالغان بولسىمۇ، ماڭا بىر كۈن نەچچە يىلدەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشنى "مەھشەرگاھ كۈنى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ" دېگەن ئىبارە بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولىدۇ! مەن يەنىلا ياشاۋاتىمەن! چىت، دادام ياشاشلا ئەڭ مۇھىم دەيدۇ! ئۈنىڭ ئۈستىگە نەدە ياشاش ياكى قانداق ياشاش توغرۇلۇق سورىماسلىقىم كېرەككەن! مەن يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشنى ساڭا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىمەن.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن دەھلىزدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا سالقىنىدىغاچ كىتاب ئوقۇپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ياتاتتىم. سائەت ئۈچ ئەتراپىدا ماگى ھولۇققان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ، قولىقىمغا:

— ئاننى، گېرمانىيە ساقچىلىرى دادامغا بىر پارچە قولغا ئېلىش قەغىزى ئەۋەتىپتۇ، — دېدى. ئۇ يەنە، — دادام سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئاپام ياردەم سوراپ ۋېننانلارنىڭكىگە كەتتى، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى.

چاقىرىق قەغىزى؟ بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنىڭ قانداقلىقىنى ھەربىر يەھۇدىي بىلەتتى. ۋېنتان ئەپەندى دادامنىڭ شىركەتتىكى خىزمەتدىشى ئىدى. جازا لاگېرى بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان مەھبۇسلار ياتىدىغان تۈرمىلەردىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر شۇئان بىر ـ بىرلەپ كاللامدا ئايان بولدى. دادامنى تۇتۇۋېلىپ

راستىنلا ئاشۇنداق يەرگە ئەكېتەرمۇ؟

ئاچام ئىككىمىز مېھمانخانىغا يېنىپ كىرىپ شۈكلەپ كەت-تۇق. ئۆيدە گۇرستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ، ئۈندىمەي ئولتۇراتتۇق. ئەس - يادىمىز قەدىناس دوستىمىزنى يوقلاپ كەتكەن دادام بىلەن ياردەم سوراپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئاپامدا ئىدى. كۆڭلىمىز تولىمۇ پاراكەندە.

ھايال ئۆتمەي ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى.

— ئايرىپى كەلدى، — دېدىمەن.

— ئىشىكنى ئاچما! — ماگى شۇنداق دەپ مېنى دەرھال ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

بىز دادام بىلەن ئاپامنى ساقلاپ ئولتۇرۇۋەردۇق. ئۇلارنى تاكى ئاپام ۋېنتان ئەپەندىنى باشلاپ كەلگۈچە ساقلىدۇق. ئۇلار ئىشىك ئالدىدا ئايرىپى بىلەن پاراڭلاشتى. بىز ئۇلارنىڭ ئاۋازلى-رىدىن بىلدۇق. شۇندىلا يۈرىكىمىز ئورنىغا چۈشۈپ، ئىشىكنى ئاچتۇق. مەن ئايرىپىنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ، ئىشىك-نى ئالدىراش يېپىۋەتتىم.

ئاپام بىزگە ۋېنتان ئەپەندى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بارلىقىنى ئېيتىپ، ئاچام ئىككىمىزنى ھۇجرىلىرىمىزغا چىقىرى-ۋەتتى.

بىردەمدىن كېيىن ماگى يۈگۈرۈپ كىرىپ، قولغا ئېلىش قەغىزىنىڭ دادامغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى دې-دى. مەن تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپ، ۋارقىراپ يىغلاپ تاشلىدىم. ماگى بۇ يىل ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنى گېرمان-يە ساقچىلىرى نېمىشقا تۇتىدۇ؟

ياق! ئاچامنى بارغۇزمايمىز! ئاپام بىزگە مۇھىم نەرسىلەر-نى سومكىلىرىمىزغا قاچىلاشنى بۇيرىدى. ئاھ! بىز شۇ تاپنىڭ

ئۆزىدە يوشۇرۇنۇشقا تەييارلىق قىلامدۇق؟

نەگە يوشۇرۇنىمىز؟ شەھەرگىمۇ ياكى يېزىغىمۇ؟ بىناغىمۇ ياكى كەپىگىمۇ؟ قاچان يولغا چىقىمىز؟ قانداق بارىمىز؟ كاللام گۇمان بىلەن تولدى، لېكىن ئاپام مېنى گەپ سورىغىلى قويمىدى.

ماگى ئىككىمىز ئاۋۋال ھۇجرىلىرىمىزغا كىرىپ مۇھىم نەرسىلەرنى سومكىلىرىمىزغا قاچىلىدۇق. مەن ئالدى بىلەن كۈندىلىك خاتىرەمنى، ئاندىن دەرسلىكلىرىمنى، خەت ـ چەك، تارغاق، چاچ قىسقۇچ، قولياغلىق ۋە خاتىرىلەش قىممىتى بار نەرسىلەرنى سومكامغا سالدىم. قاچىدىغان چاغدا، ئېلىۋالىدىغان نەرسىلەر قانچىلىك ئاز بولسا شۇنچىلىك ياخشى ئىدى. لېكىن، ئەستىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى، يېنىكلىك قىلىپ تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك. شۇڭا سومكامغا قاچىلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ساپلا بۇنىڭدىن كېيىنكى گۈزەل ئەسلىمىلەر ئىدى.

دادام سائەت بەشتە قايتىپ كەلدى. ئۇ چاقىرىق قەغىزىنىڭ ئىشىنى ئاڭلاپ دەرھال كوفوس ئەپەندى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتى. ۋېنتان ئەپەندىمۇ مىربونىڭ يېنىغا ماڭدى. مىربو ۋە ئۇنىڭ ئېرى يوك دادامنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇلارنى بىزمۇ ناھايىتى ئوبدان تونۇيتتۇق.

مىربو كەلدى. ئۇ بىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ، پايپاق قاتارلىق نەرسىلىرىمىزنى ئالغاچ كەلگەن سومكىسىغا سېلىپ، ئالدىراش كېتىپ قالدى. مىربو كەتكەندىن كېيىن ئۆينى يەنە جىمجىتلىق باستى.

ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى. ھېچقايسىمىزنىڭ تاماققا كۆڭلى تارتمايتتى.

بۇ چاغدا، ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى چوڭ ئۆيدە ئولتۇرىدىغان كاي سېمىت ئەپەندى قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا

ماڭدى، شۇ تەقلىتتە بىر ھازا مېڭىپ، ئاندىن ئۆستۈڭكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. كاي سېمىت ئوتتۇز ياشتىن ئاشقان، خوتۇنىنى قويۇۋەتكەن كىشى ئىدى. بىز يېقىندا ئۆستۈڭكى قەۋەتتىكى ئۆيـنى ئۇنىڭغا ئىجارىگە بەرگەنىدۇق.

مىربو كەچ سائەت ئونبىرلار ئەتراپىدا يوكنى باشلاپ كەلـدى. ئۇ ھېلىقى سومكىنى يەنە ئالغاچ كەلگەنىدى. بىزنىڭ باشقا كىيىم - كېچەك، ئاياغ، پايپاق، كىتابلىرىمىزنى شۇ سومكىغا لىق قاچىلىدى. يوكمۇ بىر سومكا نەرسە - كېرەك قاچىلاپ، ئونبىر يېرىم بولغاندا، ئۇلار يەنە كەتتى.

تەلىيىمىزگە ئەتىسى ھاۋا ئالدىنقى كۈندىكىدەك ئىسسىق بولمىدى. بىراق، كۈنبويى يامغۇر يېغىپ توختىمىدى.

بىز گويا شىمالىي قۇتۇپقا ساياھەتكە بارىدىغاندەك قوشلاپ كىيىم كىيىۋالغانىدۇق. يەھۇدىيلارنىڭ كىيىم - كېچەك سېلىنـغان چامىدانلارنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئاماللىنىڭ يوقىدىن ئۇستىمىزگە كىيىۋالدۇق.

مەن ئىككى ئىچ كىيىم، ئۈچ تامبال، ئىككى جۈپ پايپاق، ئۆتۈك، كوپتىنىڭ ئۇستىگە ئۇزۇن يەڭ كۆڭلەك، يازلىق بوغـماق چاپان، بوغماق چاپاننىڭ ئۇستىدىن يامغۇرلۇق پىلاش كىيىـۋالغانىدىم. بوينۇمدا شارپا، بېشىمدا تىۋىتلىق باش كىيىم بار ئىدى. كىيگىلى ھەم ئېلىۋالغىلى بولىدىغانلىكى كىيىملەرنى ئىمكان بار تاشلىۋەتمىدۇق.

قوشلاپ كىيىم كىيىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئىششىپ قالغانـدەك كۆرۈنەتتۇق. شۇنداقتىمۇ ھېچقايسىمىز ۋايسىمىدۇق.

مەن ئاسلىنىمىز — موكانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشـنى. ئاشخانا ئۆيدە ئاسلان ئۈچۈن بىر قاداق گۆش قالدۇرۇلغانـلىقىنى، ناۋادا ئاسلاننى ياخشى كۆرمىسە، قوشنىلارغا بېرىۋەتـسىمۇ بولىدىغانلىقىنى تاپىلاپ، كاي سېمىت ئەپەندىگە بارغاچە



يېزىپ قالدۇردۇم.

ماگى مىربونىڭ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ، مىربونىڭ كەينى-دىن ئالدىمىزدا يۈرۈپ كەتتى. ئاپام ئىككىمىز ناشتىدىن كېيىن دادام بىلەن بىللە يولغا چىقماقچى بولدۇق. بىز بىر ئۆيلۈك ئادەم ئۆيدىن ئالدىراش - تېنەش قېچىپ كەتكەندەك ئۈستەلدە چىنە - قاچىلار قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. بىز بۇ يەردىن كېتىشنىلا ئويلايتتۇق. مەنزىلگە بىخەتەر بېرىشنى ئۈمىد قىلاتتۇق.

شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا توختىماي مېڭىپ كېتىۋاتى-مىز. يولدىكى كىشىلەر بىزگە ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن قارايتى-تى. لېكىن، مەيدىمىزدىكى ئالتە شوئارلىق سېرىق بەلگىنى كۆرۈپ، قورقۇپ يولىغا راۋان بولاتتى.

مەن دادام بىلەن ئاپامنىڭ كەينىدىن قالماي مېڭىپ، بارغان-سېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان يەرلەردىن ئۆتتۇم. ئاخىرى كەڭ كەتكەن بىر يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ، تۆت قەۋەتلىك، قەدىمىي بىر بىنا-نىڭ ئالدىغا كەلدۇق.

بىز ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقتۇق. دادام ئاچقۇچنى چىقىرىپ، كۈل رەڭ بىر ئىشىكنى ئاچتى. پاھ! ئىچىدە بىرنەچچە ئېغىز بوش ئۆي بار ئىدى! ئاپام دەرھال كۈل رەڭ ئىشىكنى يېپىۋەت-تى. ئەسلىدە، بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى پاناھگاھىمىز مۇشۇ ئىكەن - دە. بىز ئۈچۈن ئالاھىدە لايىھىلەنگەن "مەخپىي ئۆي" مۇشۇ ئوخشىمامدۇ!

## ● مەخپىي ئۆي

9 - ئىيۇل، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دادام بىلەن ئاپامنىڭ دېيىشىچە، بىز ئەسلىدىكى پىلان بويىچە بۇ مەخپىي ئۆيگە 16 ـ ئىيۇن كۆنى كەلمەكچى بولغان. چاقىرىق قەغىزى ئەۋەتىلگەچكە، نائىلاج مۇددەتتىن بۇرۇن كەپ-تۇق. مەخپىي ئۆي دادامنىڭ ئىشخانىسى جايلاشقان بىنا ئىدى. مەخپىي ئۆينى يات كىشى بىلمەيتتى. دادامنىڭ ئىشخانىسىدا خىزمەتچىلەر كۆپ ئەمەس، بىزنىڭ مەخپىي ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋال-غانلىقىمىزنى تۆتلا كىشى بىلەتتى. ئۇلار: كوفوس ئەپەندى، گرويتېر ئەپەندى، مىربو ۋە ئېللى. ئېللى يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن، ماشىنىست قىز ئىدى. بىزنىڭ بۇ يەردىلىكىمىزنى ئېللىنىڭ دادىسى — فورسېن ئەپەندى، ئىسكىلاتتا ئىشلەيدىغان ئىككى يىگىتمۇ بىلمەيتتى.

مەن ئەمدى ساڭا مەخپىي ئۆينىڭ ئورنى توغرىسىدا ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن:

دولاۋېس شىركىتى پولېنس قانىلى بويىدىكى قەدىمىي بىناغا جايلاشقان. بۇ قەدىمىي بىنا بىلەن پولېنس قانىلى ئارىلىقىدا كەڭ كەتكەن بىر كوچا بار.

بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى ئىسكىلات. ئىسكىلاتنىڭ يان تەرەپىدىكى ئىشىك ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەم-پەيگە تۇتاشقان.

ئىككىنچى قەۋىتى ئۇزۇن كەتكەن كارىدور، كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىرنەچچە ئىشخانا بار. ئوڭ تەرەپتىكى تۆتتۈق ئەينەكلىك ئىشىككە قارا خەت بىلەن "ئىشخانا" دېگەن خەت يېزىلغان ئۆي دولاۋېس شىركىتىنىڭ باش ئىشخانىسى. كەڭ ـ كۇشادە بۇ ئىشخانىغا كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدۇ ھەم نۇرغۇن ئۈستەل قويۇلغان. كوفوس ئەپەندى، ئېللى ۋە مىربو كۈندۈزى مۇشۇ يەردە ئىشلەيدۇ.

بۇ ئىشخانىنىڭ يېنىدا بىخەتەرلىك ئىشكابى، كىيىم ئىشكا-

بى ۋە بىر ھۆججەت ئىشكابى قويۇلغان چاققانغىنە بىر ئىسكىلات بار. كىلون شىركىتى دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسى مۇشۇ ئىسكىلاتنىڭ يېنىدا، كۇن نۇرى ياخشى چۈشمەيدىغان بۇ ئىشخانىدا ئىلگىرى ۋېنتان ئەپەندى خىزمەت قىلغانىكەن. كىلون شىركىتى دىرېكتور ئىشخانىسىنىڭ يېنىدا ئۈچىنچى قەۋەتكە چىققىلى بولىدىغان بىر ياغاچ پەلەمپەي بار. ياغاچ پەلەمپەينىڭ يېنىدا پارخانا بار. پارخانىنىڭ ئالدىدىكى دەھلىزىدىن ئۆتۈپ تۆت پەلەمپەي ئۆرلىسەڭ، باش مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىسەن. بۇ ھەم باش مۇدىرنىڭ مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيى. ئىشخانىغا شىركەتنىڭ خىلمۇ خىل مەھسۇلاتلىرى قويۇلغان. ئىشخانا جاھازلىرى خېلىلا ئېسىل، يەرگە گىلەم سېلىنغان. ئىشخانا جابدۇقلىرى ياغاچتىن ياسالغان، ئۈستەل چىراغلىرى كۆركەم. رادىئومۇ بار. بۇنىڭدىن باشقا يوغان بىر ئېغىز ئاشخانا ئۆي بار. ئاشخانا ئۆينىڭ ئۈسكۈنىلىرى تولۇق. گاز ئوچاق، مۇنچىسى تەييار. ھاجەتخانىسى ئاشخانا ئۆينىڭ يېنىدا.

كىلون شىركىتى دىرېكتور ئىشخانىسىنىڭ يېنىدىكى ياغاچ پەلەمپەي ئارقىلىق ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىسەن، بۇ يەردە بىر پەلەمپەي، پەلەمپەينىڭ يېنىدا ئىككى ئىشىك بار. سول تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن ئامبارغا كىرىسەن، ئامبارنىڭ ئۈستىدىكى قەۋەتتە چوڭ بالكون. ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك كۇل رەڭ كىچىك ئىشىك. كىشىنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان مۇشۇ ئىشىك ئارقىلىق بىز يوشۇرۇنغان مەخپىي ئۆيگە كىرىسەن.

مەخپىي ئۆيدە ئۈچىنچى قەۋەت بىلەن تۆتىنچى قەۋەت بىر تىك پەلەمپەي ئارقىلىق تۇتىشىدۇ. بۇ تىك پەلەمپەي كۇل رەڭ ئىشىكتىن كىرگەن ھامان كۆزگە چېلىقىدۇ. تىك پەلەمپەينىڭ كەينىگە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي جايلاشقان. ماگى ئىككىمىزنىڭ ھۇجرىسى ئوڭ تەرەپتە، دادام بىلەن ئاپامنىڭ ھۇجرىسى سول

تەرەپتە. ئىككى ھۇجرىنى بىر ئىشىك تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ماگى ئىككىمىزنىڭ ھۇجرىسىنىڭ قارشىسىدا ئايرىم بىر خانا بار. خانىدا قول يۇيىدىغان جاي بىلەن دېرىزىسى يوق ھاجەتخانا بار.

تىك پەلەمپەي بىلەن تۆتىنچى قەۋەتكە چىقسىڭىز، يوپيورۇق، ئازادە بىر ئېغىز ئۆينى كۆرىسەن. تام مەش، گاز ئوچاق، قول يۇيۇش ئورنى بار، ئەينەك ئىشكاپ قويۇلغان بۇ ئۆي مېھمانخانا، بۇ مېھمانخانا تاماق يەيدىغان ئۆي ۋە ئاشخانا ئۆي ئورنىدا ئىشلىتىشكە لايىق. بۇ ئۆينىڭ يەنە بىر ئىشىكىدىن كىچىك كارىدورغا چىققىلى بولىدۇ. كارىدوردا تار پەلەمپەي بار، بۇ پەلەمپەيدىن كىچىك بالكونغا چىقىسەن.

مەخپىي ئۆينىڭ تۆتىنچى قەۋىتى بىلەن چوڭ بالكوننىڭ ئارىلىقىدا بىر تۇڭلۇك بار.

بۇ مەخپىي ئۆي ئەسلىدە دولاۋىس شىركىتىنىڭ تەجرىبىخانىسى ئىدى. مۇشۇنچىۋالا تەييار بىساتلار بىزنىڭ ئىشلىتىشىمىزگە قاراپ تۇراتتى. بىساتلارنىڭ بىز ئويلىغاندىكىدىن كۆپ بولۇشى بەك ياخشى ئىش ئىدى!

10 ـ ئىيۇل جۈمە

قەدىرلىك چىت!

بىزنىڭ مەخپىي ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ قىلغان بىرىنچى ئىشىمىز — ئۆي رەتلەش بولدى. چۈنكى ئۆي ئەخلەت ۋە قەغەز يەشىكلەرگە تولغان، كىرلىك، يوتقان ـ كۆرپە دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. شۇنچىلىك پاسكىنىكى، بۇنى سەن ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن. ئۇچ كۈندە ئاران جايلاشتۇرۇپ بولدۇق. ھېرىپ كەتكەنلىكىمىزدىن بىرەر نەرسە يېيىشكىمۇ رايىمىز بارمىدى. بىز تالا ـ تۈزگە چىقالمايتتۇق. ئوزۇق ـ تۈلۈك سېتىۋالى-

دىغان ئىشنى مىربو بىلەن ئېلىلىغا ھاۋالە قىلىشقا مەجبۇر بول-
دۇق.

ئاپام مانا بۇگۈن بۇ يەردە تۇنجى قېتىملىق تاماقنى ئېتىشكە باشلىدى!

گەرچە بۇ يەر ئۆيىمىزدىكىدەك راھەت بولمىسىمۇ، ئەمما، بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە ھەرھالدا كۆڭۈل توختىتىپ، كۈنلىرىمىزنى نورمال ئۆتكۈزەلەيمىز.

11 - ئىيۇل، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

دادام، ئاپام ۋە ئاچام بۇ ئۆيدىكى سائەتنىڭ ئاۋازىغا تېخىچە كۆنەلمىدى. بۇ ئاۋازغا مەن ئامراق ئىدىم. بۇ ئاۋاز كېچىلىرى ساداقەتمەن دوستۇمدەك ماڭا ھەمراھ بولغاچ، بەزى شەيئىلەرنىڭ جىممىدە مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ دەل ۋاقتىدا ئىككى قېتىم داڭ ئۇراتتى.

بۇ ئۆي گەرچە ناھايىتى نەم بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈلدىكى-دەك پاناھگاھ ئىدى. پۈتكۈل ئامېستىردام، ھەتتا پۈتكۈل گول-لاندىيىدە بۇنداق راھەت مەخپىي ئۆينى تاپقىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بۇ يەردىن زېرىكمىدىم. ئەمما، بۇ يەرنىڭ ئۆز ئۆيى-مىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

يېڭى كۆچۈپ كىرگەن كۈنلەردە ماڭا بۇ يەردە ئازراقمۇ جۇشقۇنلۇق يوقتەك تۇيۇلغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، دادام ئاترىتكا ئېلانى ۋە مەنزىرە چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەردىن ئازراق ئېلىۋالغان-كەن. مەن بۇلارنى تامغا چاپلىۋىدىم، ئۆي سەل چىرايلىق كۆرۈن-دى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈممۇ ئېچىلىپ قالدى. زېرىكىپ قالمى-سۇن دەپ كوفوس ئەپەندى ئالايىتەن بىر پارچە ”ياشلار ژۇرنىلى“ نى ماڭا سوۋغا قىلدى.

ئاخشام تۆتىمىز رادىئو ئاڭلىغىلى ئاستىنقى قەۋەتكە — باش مۇدىر ئىشخانىسىغا چۈشتۇق. رادىئونى ئېچىپ، ئاۋازىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرگەن بولساقمۇ، يەنىلا قورقۇپ تۇراتتۇق. بىردەمدىن كېيىن مەن دادامغا، ئۇنىڭ مەن بىلەن مەخپىي ئۆيگە چىقىپ كېتىشىنى دېدىم. مېنىڭ خاتىرجەمسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن ئاپام مەن بىلەن ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى.

يالغۇز مەنلا ئەمەس، دادام، ئاپام ۋە ماگىمۇ ماڭا ئوخشاش يۈرەكئالدى ئىدى. ھەممىمىز ئىنتايىن سەزگۈر، ناھايىتى ئاسان جىددىيلىشىدىغان بولۇپ قالغاندۇق. دادام كۆچۈپ كەلگەن كۈنىلا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان گۈللۈك پۇرۇچلارنى تېپىپ، ئاپامغا نەچچە پەردە تىكتۇردى. قوشنىلارنىڭ بىزنى كۆرۈپ ياكى قانداقتۇر بىر ئىشلارنى بايقاپ قالماسلىقى ئۈچۈن پەردىلەرنى دېرىزىلەرگە باسما مىق بىلەن مىخلىۋەتتۇق.

بۇ بىنانىڭ ئىككى تەرىپىدە ئائىلىلىكلەر قورۇسى يوق ئىدى. ئوڭ تەرەپتە بىرنەچچە چوڭ كارخانىنىڭ خىزمەت بىناسى، سول تەرەپتە بىر ئۆي جاھازىلىرى زاۋۇتى بار ئىدى. ھەممىسى ئىشتىن چۈشۈپ كەتسە، يېقىن ئەتراپتا مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئەنسىرەيتتۇق. بۇ يەردىن چىققان ئاۋاز تامدىن ئۆتۈپ كېتەمدۇ - قانداق، بىلمەيتتۇق.

كەچ كىرسىلا، جىمجىتلىققا تولغان ئۆي تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتەتتى. بىچارە ماگى ئاخشام شامالداپ قالغانىدى. بىز ئۇنىڭغا يۆتەل توختىتىدىغان نۇرغۇن دورا ئىچۈردۇق، ئۇ كېچىسى يۆتەلسە بولمايتتى.

بىزنى بىر مۇھاپىزەتچىنىڭ قوغدىشىنى راستىنلا ئارزۇ قىلىمەن! كۈندۈزى ئاستىنقى قەۋەتتە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، پىچىرلىشىپ سۆزلىشىمىز، پۈتىمىزنىڭ

ئۇچىدا ماڭىمىز، كەچتە ئاۋاز چىقىرىشقا تېخىمۇ پېتىنالمايمىز. ئۆيگە سولىنىپ يۇرۇشىنىڭ قانچىلىك ئازاب ئىكەنلىكىنى بىزدىن باشقا يەنە كىملەر بىلەر؟ كۈنلىرىمىز دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتىدۇ. تۇيۇقسىز بايقىلىپ قېلىپ ياكى قولغا چۈشۈپ ئېتىلىپ كېتىشىمىزنى بىلمەيمىز. ۋېنتان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىدىغانلىقىنى دادامدىن ئاڭلىدۇق. بىزگە ھەمراھ چىقىدىغان بولدى.

## ● ۋېنتان ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى

14 ـ ئاۋغۇست، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ساڭا خەت يازمىغىلى بىر ئايدىن ئاشتى. كۈنلەر ھەقىقەتەن مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان خەۋەرمۇ يوق.

ۋېنتان ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر ئاينىڭ ئالدىدا كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار ئەسلى 14 ـ ئىيۇل كۈنى كۆچۈشنى پىلانلىغان. لېكىن 13 ـ ئىيۇل كۈنى ئەتىگەندىن تارتىپ گېرمانىيىلىكلەر پۈتۈن بىر كۈن توختىماي تۇركۈم ـ تۇركۈملەپ چاقىرىق قەغىزى تارقاتقان. ئۇلار بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ بىر كۈن بۇرۇن ھەرىكەتلەنگەن.

ۋېنتان ئەپەندىنىڭ تېخى ئون ئالتە ياشقا تولمىغان پىتىر ئىسىملىك بوشاڭ ۋە تارتىنچاق بىر ئوغلى بار. ئاسلىنى — موك ئەتىدىن ـ كەچكىچە قولىدىن چۈشمەيدۇ. تۇرقىدىن غەلىتە مىجەزلىكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنى مەن بىلەن دوست بولۇش خىيالى بار، دەپ ئويلىمايمەن.

ۋېنتان خانىم بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن كۈنى چىرايلىق شىلەپە كىيىپ كەلدى، لېكىن شىلەپىنىڭ ئىچىدە كىچىكرەك سۇيدۇك قاچىسى بار ئىدى. ئۇ كەچتە ئۆزىنىڭ سۇيدۇك قاچىسىنى ئىشلەتمىسە ئۆزىنىڭ خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى دېدى. ۋېنتان ئەپەندى سۇيدۇك قاچىسى ئەكەلمىگىنى بىلەن قاتلىنىدىغان چاي ئۈستىلى ئەكەلگەنىدى. ئۇلار بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى چوڭ ئۆيگە ئورۇنلاشتى.

ۋېنتان ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بىز ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك تاماقتا، ئارامدا بىللە بولدۇق. ئۇچىنچى كۈنى ۋېنتان ئەپەندى كۆچۈپ كېلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشنى بىزگە دەپ بەردى. بىز كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئائىلىمىز ۋە كاي سېمىت ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىنى بەك بىلگىمىز بار ئىدى. ۋېنتان ئەپەندى:

— دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا، كاي سېمىت ئەپەندى ماڭا تېلېفون بېرىپ، مەندىن مېنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا بارالايدىغان ـ بارالمايدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن چاتاق يوق، ھازىرلا باراي دېدىم.

— كاي سېمىت ئەپەندى مېنى كۆرۈپ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ سىلەر ئۇنىڭغا قالدۇرغان باغاقچىنى ماڭا كۆرسەتتى ھەم ئۆيۈڭلەرنىڭ ئاقتۇرۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ، مېنى ئۆيلەرنىڭ ھەممىنى تەكشۈرۈپ، قالايمىقان نەرسىلەرنى رەتلىشىپ بېرىشكە چاقىرغانىدى.

— ئۇستەلدىن مىستروينىڭ ئادرېسى ئېنىق يېزىلغان باغاقچىنى تېپىۋالدىم. شۇئان ئەقلىمنى ئىشلەتتىم. ئۇنىڭ ئالدىدا جىددىيلەشكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، باغاقچىنى يىرتىۋەتتىم.

— بىردەمدىن كېيىن ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە ئۇ-

نىڭغا: ھە راست! كاي سىمىت ئەپەندى، ئاللاھەزەل يېرىم يىل ئالدىدا مىستروۋىدا تۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدار ئىشخانىمىزغا ئېكسكورسىيىگە كەلگەنىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار فرانك ئەپەندى بىلەن ئوبدان تونۇش ئىدى. ئۇ فرانك ئەپەندى ھەرقانداق قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسا، ئۆزىنىڭ ئامال بار ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق فرانك ئەپەندىگە ۋەدە بەرگەن. فرانك ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى شۇ ئەمەلدار ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن. بەلكىم ئۇلار ھازىر بىلگىيىگە يېتىپ بېرىپ، شۋېتسارىيىگە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقاندۇ. ناۋادا فرانك ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تونۇش ـ بىلىشلىرى ئۇلارنى سوراپ قالسا، بۇ ئەھۋالنى ئۇلارغا دەپ قويۇڭ. بىراق مىستروۋىنىڭ ئادرېسىنى ھەرگىز ئاشكارىلاپ قويماڭ! — دېدىم.

— دەرۋەقە نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى دوستلىرىڭلاردىن مەنمۇ ئاڭلىدىم!

ۋېنتان ئەپەندىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىز بەك خۇرسەن بولدۇق. ئۇ يەنە بىرسىنىڭ ئاچام ئىككىمىزنىڭ ۋېلىسىپىتلىق كېتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگەنلىكىنى ئۇنىڭغا دېگەنلىكىنى دەپ بەردى. باشقا بىر ئايال بىر كۈنى يېرىم كېچىدە بىزنى گېرمانىيە ساقچىلىرى بايقاپ قېلىپ، ھەربىي ماشىنىغا سېلىپ ئەكەتكەن دەپتۇ. نېمىدېگەن قىزىق!

21 ـ ئاۋغۇست، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

بىز مەخپىي ئىشىكنى نىقاپلاپ بولدۇق. گروپىتېر ئەپەندى يېقىندىن بۇيان گېرمانىيە ساقچىلىرىنىڭ تىنتىش ھەرىكىتىنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا ياخشىسى كۆل رەڭ ئىشىك-

نى كىتاب ئىشكابى بىلەن توسۇپ قويۇشنى ئېيتتى. بۇ كىتاب ئىشكابى ھەرىكەتچان بولۇشى، ئىشىككە ئوخشاش ئېچىلىپ ـ يېپىلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ ئىشقا ئىپلىنىڭ دادىسى — فورسېن ئەپەندى مەسئۇل بولدى. گرويتېر ئەپەندى بۇ ئەھۋالنى نەچچە كۈن بۇرۇن فورسېن ئەپەندىگە دېگەنىكەن. ئۇ كېلىپ ئىشىكنى كۆردى.

لېكىن فورسېن ئەپەندى بۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىدى. ئۇ كۆل رەڭ ئىشىكنى ۋە ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەينىڭ بىر نەچچە پايىسىنى سۆكۈپ ئېلىۋېتىپ، ئىشىكنى تەييار كىتاب ئىشكابى بىلەن توسۇپ قويدى. كىتاب ئىشكابى ئېگىز بولمىغاچقا، ئىشىكنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى بىر تال چوڭ ياغاچ بىلەن مىخلىۋەتتى. ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشكەندە دىققەت قىلمىساق، ئىشىك بېشىدىكى ھېلىقى ياغاچقا بېشىمىزنى ئۇرۇۋالاتتۇق.

فوسېن ئەپەندى ياغاچقا يۇمشاق بىر نېمىلەرنى مىخلىۋەتتى. بۇ كارغا كېلەمدۇ ـ يوق، بىلمەيمىز.

بۇ يەردە تۇرمۇش بەكمۇ زېرىكىشلىك. دادام سېنتەبىردىن كېيىن ئاچام ئىككىمىزنىڭ دەرس تەكرارلىشىمىزغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ۋېنتان ئەپەندى مېنى تازا ياخشى كۆرمەيتتى، بىراق ماگىغا بەك ئامراق ئىدى. دادام يېقىندىن بېرى ماڭا كىچىك بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مەن بۇنىڭغا چىدىيالماي قالدىم. پىت ئەتىدىن ـ كەچكىچە كارىۋاتتا ئېغىناپ ياتاتتى. بەزىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ـ بۇنى مىخلىشىپ بېرەتتى. مىخلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە ياتاتتى. ئۇ نېمىدېگەن ھورۇن نېمە ـ ھە!

مۇشۇ نەچچە كۈن ھاۋا ياخشى بولۇپ بەردى. كەچقۇرۇنلىرى سەپەر كارىۋىتىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزۈم يالغۇز بالكونغا چىقىمەن.

كارىۋاتتا يېتىپ سالقىندىغاچ، دېرىزىدىن كىرگەن كەچكى شەپەق
نۇرلىرىدىن ھۇزۇرلىنىمەن.

2 - سېنتەبىر، چارشەنبە
قەدىرلىك چىت:
ۋېنتان ئەر - خوتۇن ئىككىسى قاتتىق ئۇرۇشۇپ كەتتى. مەن بۇنداق جېدەل - ماجرانى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان. دادام بىلەن ئاپام ئۇرۇشمايتتى. ئۇلار: جېدەللەشكەندە ھەر ئىككى تەرەپ ئىچىنى سەل بوشىتىۋالىدۇ، لېكىن مەسىلە ھەل بولماي-دۇ، دىل ئازارى يەپ قالىدۇ، دەپ قارايتتى.

پىت تۇنۇگۇن ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ تىلىم بىردىنلا كۆكىرىپ كەتتى، بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، دېدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ تىلى ساقىيىپ قالدى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن بوينۇم قاتتىق بولۇپ قالدى، مىدىرلىتالمايۋاتىمەن، دەپ بويىنغا شارپا ئورىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىلىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ۋايساپ يۈرۈيدۇ. ئۇ "خامۇشلۇق كېسىلى"گە گىرىپتار بولۇپ قالغانمۇ - نېمە؟

ئاپام بىلەن ۋېنتان خانىم ئوتتۇرىسىدا ئازراق سۈركىلىش يۈز بەردى:

ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ۋېنتان خانىم دەپمۇ قويماستىن ئۇس-تۇنكى قەۋەتتىكى ئەينەك ئىشكاپتىن ئاپام قويۇپ قويغان ئۈچ لۆڭگىنى ئېلىۋاپتۇ. بۇنى ئاپام سېزىپ قاپتۇ. ۋېنتان خانىم: بىز ئاشۇ ئۈچ تال لۆڭگىگە قاراپ قالمىدۇق. ئىشلەتسەك نېمە بوپتۇ، دەپتۇ. ئاپام ئاچچىقىدا قالغان لۆڭگىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ. ۋېنتان خانىم ئاپامنى ئاشخانا بۇيۇملىرىنىڭ بىر قىسمىنى تىقىۋالدى، دەپ غۇدىراپ يەنە قەستەنگە جېدەل تېرىدى. ۋېنتان خانىم ئاشخانا بۇيۇملىرىنىڭ بالكوندىكى ئارغامچا

دۆۋسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى بىلمەي، نەچچە قېتىم ئوغرىلىقچە ئىزدىدى.

قېرىشقاندەك مېنى تونۇگۇن قارا باستى. ۋېنتان خانىمنىڭ قوشۇقىنى ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇندۇرۇپ قويۇپ، ئاپام ھەم ۋېنتان خانىمدىن دەككە يېدىم.

ئالدىنقى ھەپتە بۇ يەردە بىر قىزىقارلىق ئىش بولدى. بۇ ئىشنى تېرىغۇچىلار پىت ۋە "يېتىلگەنلەر تەربىيىسى" ژۇرنىلى ئىدى.

فوكوس ئەپەندى بىزگە نۇرغۇن كىتاب بېرىپ تۇردى. ئاردىسىدىكى بىر ژۇرنالنى ماگى، پىتر ۋە مەن ئۇچىمىزنىڭ كۆرۈشى چەكلەندى. پىتر ھېلىقى ژۇرنالنى ئوغرىلىقچە بالكونغا ئاچىقىپ كۆرگەن. بۇنى نەچچە كۈنگىچە ھېچكىم سەزمىگەن. كېيىن ۋېنتان ئەپەندى بىلىپ قېلىپ، چىچاڭشىپ كەتتى. پىتمۇ ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى، بەزىبىر ئىشلارغا قىزىقىدىغانلىقىنى دەپ داۋراڭ سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن ۋېنتانلار جىنسىي تەربىيە مەسىلىسىگە ئائىت مۇزاكىرىنى باشلىدى.

ئەتىسى ۋېنتان خانىم بۇ ئىش توغرۇلۇق ئاپام بىلەن سۆزلەشتى. ئاپام ئۇ ژۇرنالنى يېتىلمىگەن باللارنىڭ كۆرۈشى مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇلار ناھايىتى ئاسانلا يامان يولغا كىرىپ قالىدۇ، دېدى. لېكىن، ئاپام ئۇلارغا جىنسىي تەربىيىگە دائىر مۇۋاپىق كىتاب - ژۇرناللارنى چوڭلار تاللاپ بەرسە بولىدۇ، ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ساغلاملىقىنى ئاسراشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەتتىكى كىتابلارنى ماگى كۆرسە بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

ئاپام:

— ماگى بىلەن پىتىرنىڭ ياش قورامى گەرچە ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ. بىرىنچى، ماگى قىز



بالا، قىزلار ئوغۇللاردىن بالدۇر يېتىلىدۇ. ئىككىنچى، ماگى خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان، قاند-داق كىتابنى تاللاش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. ئۈچىنچى، ماگى ناھايىتى ئەقىللىق، ئۇ ناتوغرا گەپ - سۆزلەرگە ئاسان ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. — دېدى.

ۋېنتان خانىم ئاپامنىڭ كۆزقارىشىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، چوڭلارغا ئائىت كىتابلارنى بالىلارنىڭ كۆرۈشىگە يەڭگىللىك بىلەن يول قويماسلىق كېرەك، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى.

شۇ كۈنى كەچ، پىت كۆپچىلىكنىڭ باش مۇدىر ئىشخانىسىغا رادىئو ئاڭلاشقا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھېلىقى ژۇرنالنى تېپىپ، ئوغرىلىقچە بالكونغا چىقىپ ئوقۇيدۇ. قارا باسقاندەك، بالكوندىن چۈشۈۋېتىپ ۋېنتان ئەپەندىگە سوقۇلۇپ كېتىدۇ.

ۋېنتان ئەپەندى پىتنىڭ قولىدىكى ھېلىقى ژۇرنالنى كۆ-رۈپ، گەپ قىلماي، كاچىتىغا بىرنى سېلىپ قولىدىن ژۇرنالنى يۇلۇۋېلىپ ئۇنى بالكوندىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. پىت ئاچچىقىدا يال-غۇز بالكونغا چىقىۋېلىپ، تاماققا چۈشمەي، شۇ يەردە ئۇخلايمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

ۋېنتان ئەپەندى ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ۋېنتان خانىم پىترنىڭ بالكوندا شامالداپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋېنتان ئە-پەندىگە پىترنى بەزلەپ ئېلىپ چۈشۈشنى ئېيتىدۇ. لېكىن ۋېن-تان ئەپەندى سەۋەنلىك پىتىردىن ئۆتتى، دەپ ئۇنى بەزلىگىلى بالكونغا چىقمايدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ پىتنىڭ ئۆز كارىۋىتىدا ياتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ بىر كۈن قايتقىنى تۇرۇپ ھېچكىمگە گەپ قىلمىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن ھەممە ئىش ئەسلىگە كەلدى. ھېلىقى ژۇرنال ۋە بالىلارنىڭ جىنسىي تەربىيىسى توغ-

ـرىسىدىكى ئىشنى ھېچكىم تىلغا ئالمىدى.

21 ـ سېنتەبىر، دۈشەنبە

قەدىرلىك چېت:

ساڭا بىر ئىشنى دېمەي تۇرالمايمەن:

ۋېنتان خانىم ھەقىقەتەن بېشەم ئايال ئىكەن! ئۇ كۈنبويى باشقىلاردىن ئىنچىكە قىلىپ ۋېنتان ئىشقا سېلىپ يۈرۈيدۇ. ئۆزىنى سورىمايدۇ. مېنى ”كوت ـ كوت“ دەپ تىللايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىنى سورىمايدىغان مەينەت ئايال. ئۇ قازان ـ قومۇچ يۇيۇشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. قازان ـ قومۇچنى يۇيۇقسىز پېتى ئەينەكلىك ئىشكاپقا سېلىپ قويىدۇ. ناۋادا چىنە ـ قاچا يۇيىدىغان كىشى دىققەت قىلمىسا، ئۇزۇن ئۆتمەي قازان ـ قومۇچتىن شۇدە ئۆرلەپ كېتىدۇ.

بۈگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن ماگى ئاشخانا ئۆيدە چىنە ـ قاچا يۇدى. شۇدە ئۆرلەپ كەتكەن قازاندىن بىرنەچچىنى قوشۇپ يۇيۇۋەتتى. ۋېنتان خانىم كۆرۈپ خىجىل بولماستىن:

— ماگى، جاپا چەكتىڭىز! ئىشىڭىز بەك كۆپكەن، ئانىنىڭ ياردەمگە چاقىرامسىز ـ يە؟ — دېدى.

ھى! ئۇ ھەقىقەتەن ئۇيات دېگەننى بىلمەيدىغان ئايال!

ئاپلا! يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۇيۇقسىز ۋېنتان خانىم كىرىپ قالدى، مەن دەرھال كۈندىلىك خاتىرىنى ياپتىم.

ۋېنتان خانىم جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ ئەتەي مەندىن:

— كۈندىلىك خاتىرە يېزىۋاتامسىز، مەن كۆرسەم بولامدۇ! — دېدى.

— بولمايدۇ.

— ئاخىرقى بېتىنى كۆرۈپ باقايچۇ!

— ياق، كەچۈرۈڭ!

ئۇنىڭغا كۆرسەتمەيمەن، ئەلبەتتە! دەل مۇشۇ بەتكە ئۇنىڭ يامان گەپلىرىنى يازغانىدىم. نېمىدېگەن خەتەرلىك ـ ھە!

مەن يېقىندا دادامنىڭ نەسەبنامە يېزىشىغا ياردەملەشتىم. بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. دادام ماڭا رەتكە تۇرغۇزۇشنى ئۆگەتكەچ، نەسەبنامىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ ماڭا بەك قىزىقارلىق تۇيۇلدى.

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى يەنە باشلاندى. كوفوس ئەپەندى بىزگە يېڭى دەرسلىك بىلەن دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلارنى ئەكېلىپ بەردى. مەن تاپشۇرۇق دەپتەر، قەلەم، ئۆچۈرگۈچ ۋە خەتكۇچلەرنى ئېلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە تەييارلىق قىلدىم.

فىرانسوزچىنى ياخشى ئۆگىنىش قارارىغا كېلىپ، ھەر كۈنى يېئېلىنىڭ قائىدىگە چۈشمەيدىغان بەش تۈرىنى پىششىق يادلىۋېلىشنى بەلگىلىدىم. ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنىڭ گېپى چىقسىلا پىتىنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، ئاھ ئۇرۇپ يۇرەتتى!

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كىيىم ئىشكابىنى ئاختۇرۇپ، قىشلىق كىيىملىرىمنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئاسما مايكىدىن ئۈچ، يېڭى ئۇزۇن كوپتىدىن بىرسىلا بار ئىدى. دادام ماڭا دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئاق پوپايكا توقۇشۇمنى ئېيتتى. ياخشى توقۇيالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. ئەپسۇسكى، سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا كىيەلمەيمەن! ھەي، ساۋاقداشلىرىمنى قاتتىق سېغىندىم!

25 ـ سېنتەبىر، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

مەن ئاخشام ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ ئەر ـ خوتۇن ۋېنتانلار بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلار مېنى گازلىق لىمون سۈيى ۋە

پىرەنىك بىلەن مېھمان قىلدى. بىز بەك كۆڭۈللۈك پاراڭلاش-تۇق! مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا پىتنىڭ ئوغرى-لىقچە يۇزۇمنى سىيلاشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى، ئەمدى بۇنداق قىلماسلىق توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ پىتقا گەپ قىلىپ قويۇشنى ئۆ-مىد قىلىدىغانلىقىمنى. ئۆزۈمنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىمنى تۇتىدىغان ئوغۇللارغا ئۆچ ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم.

ئەر - خوتۇن ۋېنتانلارنىڭ مەندىن پىتنى ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىمنى سورايدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ما-ڭا پىتنىڭ مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەيدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

پەرۋەردىگارىم! ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بو-لامدىغاندۇ؟ پىتنىڭ بۇ قىلىقلىرى ئۇلارغا يىرگىنىشلىك تۇيۇل-مايدىغان ئوخشىمامدۇ؟

مەن يېقىندىن بۇيان مەخپىي ئۆيدىكى ”ئاقىل ئەرلەر“نىڭ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇلارنىڭ بۇرۇن بىزگە ياردەم قىلغان، نۇرغۇن ئائىلە بىساتلىرىمىزنى ساقلاپ بەرگەن ۋاندىك ئەپەندىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن بىزنى گوللاندىيە-دىن كەتكەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلەمسەن؟

ئۇلار ئاۋۋال بىر پارچە خەتنى ماشىنكىدا ئۇرۇۋېلىپ، ناز-سېلاندىكى دولاۋېس شىركىتى بىلەن كەسپىي ئالاقىسى بار بىر دورا زاۋۇتىغا ئەۋەتىدۇ. كونۋېرتقا ئادرېس يېزىلغان بىر كونۋ-ۋېرتنى قوشۇپ سالىدۇ. خەت شىركەتكە كەلگەندىن كېيىن دادام كونۋېرتتىن خەتنى ئېلىپ، ئورنىغا ئۆز قولى بىلەن يازغان خەتنى سالىدۇ. دادامنىڭ دولاۋېس شىركىتىدىكى خىزمەتداشلى-رى ۋاندىك ئەپەندىگە مۇشۇ خەتنى ئاپىرىپ بېرىدۇ. ۋاندىك ئەپەندى بىزنى ئاللىقاچان نانسېلانغا بېرىپ بوپتۇ دەپ ئويلاپ، بۇ خەۋەرنى خاتىرجەم ھالدا سىرتقا تارقىتىدۇ.

ئۇلارنىڭ نانسېلاننى تالللىشىدىكى سەۋەب شۇكى، نانسېلان بىلگىيە چېگرىسىغا جايلاشقان، يەر شارائىتى ئالاھىدە. پوچتا يوللانمىلىرىنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزمەك ناھايىتى ئاسان. بۇ يەرگە ئالاھىدە ئىجازەتنامىسى بارلار كىرەلەيدۇ، چەت ئەللىكلەر بۇ يەرگە كىرىپ ئىختىيارىي ئادەم تۇتالمايدۇ.

بۇنداق بولغاندا، گېرمانىيە ساقچىلىرى بىزنى ئىزدەپ يۈرمەيدۇ.

## ● جېدەل

27 ـ سېنتەبىر، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەن بۈگۈن ئاپام بىلەن نەچچە قېتىم سوقۇشۇپ قالدىم. ئىككى كۈننىڭياقى نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئاپامغا خۇيلىنىپلا يۈرۈيمەن. ماگى بىلەنمۇ نەچچە قېتىم قىزىرىشىپ قالدىم. ئائىلىمىزدە بۇرۇن بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمەيتتى. ھەممىمىز ئىمكان بار ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ، چېچىلماسلىققا تىرىشاتتۇق. بىراق ھەممىمىز بارغانسېرى سەپرالىشىپ كېتىۋاتىمىز. بەزىدە ئاپام بىلەن ماگى ئىككىسى مېنى ساۋاقداشلىرىمچىلىك چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. ھەي! نېمىدېگەن ئازاب بۇ!

ۋېنتان خانىممۇ يېقىندىن بۇيان ئاسان تىرىكىدىغان بولۇپ قالدى. ئاپام ئىككىسى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تىقىشتۇرۇپ پات ـ پاتلا تەگىشىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ دائىم مەندىن قۇسۇر ئىزدەيتتى. بۇ ئىش ماڭا بەك غەلىتە تۇيۇلىدۇ. ئۇ ئۆز بالىسى بىلەن كارى يوق. نېمىشقا باشقىلارنىڭ بالىسىنى باشقۇرىدۇ؟ ئەجەبا پېتىر راستىنلا مەندىن ياۋاشمىدۇ؟

ئاخشام كەچلىك تاماق ۋاقتىدىكى ئىشنى ئالايلى! ۋېنتان خانىم مېنىڭ كەرەپشىنى كۆپرەك، ياڭيۇنى ئازراق يېيىشىمنى دېدى. مەن ئۇنىڭغا قورسىقىم تويغانلىقىنى، كەرەپشىنى يېمەيدىغانلىقىمنى دېدىم. ۋېنتان خانىمنىڭ خاپا بولۇپ، مېنى توختىماي ئەيىبلەپ كېتىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي. ئۇ:

ئانىى بەك ئەركىن بولۇپ كەتتى! ئۇنى ئوبدانراق باشقۇرۇڭلار. مەن بالىغا بەك قاتتىق، ئانىى مېنىڭ قىزىم بولغان بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ . . . دېدى.

”ئانىى مېنىڭ قىزىم بولغان بولسا“ دېگەن گەپنى يېنىش - يېنىش دەۋەردى. مەن ئىچىمدە ئۇنىڭ قىزى بولۇپ قالمىغانلىقىم ئۈچۈن خوش بولدۇم! ئۇ ئاخىرى كۆپچىلىكنىڭ ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ ”تەربىيە“ توغرىسىدىكى قۇرۇق نەزەرىيىسىنى بازارغا سالغىلى تۇردى.

دادام چىداپ تۇرالماي ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى.

ۋېنتان خانىم! بىزنىڭ ئانىى ھەر ھالدا يامان ئەمەس! ئۇنى يېرىم كۈن ئەيىبلىدىڭىز، ئۇ سىزگە گەپ ياندۇرمىدى، سىز ئۇنى ياڭيۇنى كۆپ يېمە، دېمەكچىغۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ چىنىسىگە قارىڭە. . . دادام شۇنداق دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىسىنى يۇتۇۋەتتى.

ۋېنتان خانىم چىنىسىگە قاراپ، شەلپەردەك قىزىپ، دەرھال ئۆزىنى ئاقلاپ:

— ھە! مەن. . . كەرەپشىنى جىق يېسەم بولمايدۇ. جىق يەۋەتسەم قەۋزىيەت بولۇپ قالىمەن، — دېدى.

توۋا! نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇ ئۆزى بىلەمدۇ؟ ئۇنىڭ نېمىشقا ھەمىشە مەن بىلەن قېرىشىدىغانلىقىنى پەقەت چۈشەنمەيمەن!

28 ـ سېنتەبىر، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

چوڭلار نېمىشقا ھەدېسىلا سوقۇشىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە يېرىم كۈن سوقۇشۇپ، ساپلا تايىنى يوق گەپلەرنى قىلىدۇ؟

ئادەم بەزىدە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ دەك-كىسىنى بېرىپ قويۇشى كېرەك. لېكىن ھەمىشە مەلۇم قېرىلار-نى چىشلەپ ـ تارتىپ، ئۇلارنى تەنقىدلەپ بىر تىيىنگە ئالغۇسىز قىلىۋەتسە بولمايدۇ. بۇ كىشىگە تولىمۇ ئېغىر كەلمەمدۇ؟

بەلكىم ۋېنتان خانىمنىڭ دېگىنى توغرىدۇر، ئالدىنقى ئەۋلا-دنى تەنقىدلەش كېيىنكى ئەۋلاد ئۈچۈن پايدىلىق. ئەمما مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ قانچىلىك قىسمى مەن ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەن-لىكىنى ھەقىقەتەن ھېس قىلالمىدىم. ئۇ ھەر قېتىم ئاپام بىلەن تەگىشىپ قالغاندا، ھەمىشە مەن زىيان تارتىمەن!

ۋېنتان خانىم داۋاملىق مېنى مۇئامىلىسى ناچار، مەنمەنچى، جاھىل، جېدەلخور، دۆت ھەم ھورۇن دەيدۇ. ئىشقىلىپ مەن ئۇنىڭ كۆزىگە زادىلا سىغمايمەن. ئۇ يەنە مېنىڭ خاراكتېرىم، گەپ ـ سۆز ھەتتا تەقى ـ تۇرقىمنىمۇ تەنقىد قىلىدۇ. مەن راستىنلا ئۇ دېگەندەك شۇنداق ناچارمۇ؟

ياق! ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە، مەندە كەمچىلىك بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن. كىمنىڭ كەمچىلىكى يوق؟ پەقەت شۇنىلا چۈشىنەلمەيمەن. ئۇ نېمىشقا مېنى شۇنداق سەتلەشتۈرىدۇ.

چىت! سەن شۇنى بىلگىنكى، تەنقىدنى كۆپ ئاڭلاپ، مەس-خىرە قىلىشقا ئۇچرىغاندا ئاجايىپ ئازابلىنىپ كېتىمەن!

ۋېنتان خانىم قوپال گوللاندىيە تىلىغا نېمىسچىنى ئارىلاش-تۇرۇپ تىللاپ كەتسە، ئۇنىڭ تورقىنىڭ شۇ قەدەر «سەتلىشىپ» كېتىدىغانلىقىنى سەن بىلمەيسەن! رەسىم سىزىشنى بىلگەن بول-سام، ساڭا سىزىپ كۆرسىتىپ قويغان بولاتتىم. چىرقىراق ۋە غەلىتە ئاۋازغا قوشۇلغان قەبىھ پوزىتسىيە ئۇنىڭ سىياقىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

مەن ئاخىرى بىر ئىشنى ئۆگىنىۋالدىم: بىر كىشىنى چۈ-
شەنمەكچى بولساڭ، شۇنىڭ بىلەن يۇخادىن چىققۇچە سوقۇش.
شۇنىڭدا ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىۋالىسەن.

29 - سېنتەبىر، سەيشەنبە
قەدىرلىك چىت:

مەخپىي ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغان بىزدەكلەر ئۇچۇن يۇيۇنۇش
چوڭ ئىش دېگىنە! ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇيۇنۇش بىلەنمۇ ھەربىر
كىشىنىڭ ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرىنى بىلىۋالغىلى بولىدى-
كەن.

مەخپىي ئۆيدە مۇنچا يوق. بىراق ئىككىنچى قەۋەتتىكى چوڭ
ئاشخانا ئۆيدە ئىسسىق سۇ بار. بىز كىر يۇيۇش تۇڭى بىلەن سۇ
توشۇپ، نۆۋەت بىلەن ئىسسىق سۇدا يۇيۇنىمىز. لېكىن يۇيۇنۇش
ئۈچۈن ئالدى بىلەن جاي ھازىرلاش كېرەك.

پېتىر چوڭ ئاشخانىدا يۇيۇنۇشقا ئامراق. ئاشخانىنىڭ ئىشى-
كى ئەينەك بولسىمۇ، ئۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇ ھەر قېتىم يۇيۇنۇش-
تىن ئاۋۋال ھەممىمىزگە يېرىم سائەتكىچە ئىشىك ئالدىدىن ئۆت-
مەسلىكىمىزنى دەپ قويىدۇ. ۋېنتان ئەپەندى ئۆز ھۇجرىسىدا
يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇستىنكى قەۋەتكە سۇ توشۇش ئاۋا-
رىچىلىق بولسىمۇ، ۋېنتان ئەپەندىم بۇنى بىر خىل ھەرىكەت دەپ
بىلىدۇ. ۋېنتان خانىم مۇشۇ كەمگىچە يۇيۇنۇپ باقمىدى. چۈنكى
ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك يۇيۇنۇش ئورنىنى تاپالماي يۈرۈيدۇ. دادام باش
مۇدىر ئىشخانىسىدا، ئاپام ئاشخانا ئۆيىنىڭ زاپاس ئىشىكىنىڭ
كەينىدە يۇيۇنۇشقا ئامراق. ماگى بىلەن ئىككىمىز ئىشخانىدا
يۇيۇنىمىز.

يېقىندىن بۇيان تېخىمۇ ئەپلىك بىر جاينى تاپماقچى بولدۇم.
پېتىر ماڭا ئىشخانىدىكى ھاجەتخانىدا يۇيۇنۇش تەكلىپىنى بەردى.

ھى! بۇ ھەقىقەتەن بولىدىغان جاي ئىدى! ھاجەتخانىدا چىراغ بار. پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىش قولاي. ئولتۇرۇپ يۇيۇنسىمۇ بولاتتى. ئىشىكنى تاقاپ قويسام، باشقىلارنىڭ مارىشىدىن قورق-مايمەن!

1 ـ ئۆكتەبىر، پەيشەنبە
قەدىرلىك چىت:

ئاخشام سائەت سەككىزدە بىنانىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقى تۇيۇق-سىز خېلى بىر چاغقىچە جىرىڭلاپ كەتتى. مەن بەك قورقۇپ كەتتىم! كۆپچىلىك بۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىرەر كەپسىز بالىنىڭ ياكى پوچتىكەشنىڭ قىلغان ئىشى دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى.

ھەي! بىز بارغانسېرى ئاسان چۆچۈيدىغان ھەم بارغانسېرى تۇرۇپلا شۈكلىنىپ قالىدىغان بولۇپ قالدۇق. مۇھىت بىر كى-شىنىڭ خاراكتېرىنى ھەقىقەتەن ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن! ئۈچ ئاي-نىڭ ئالدىدا كىم مېنى نەچچە سائەت گەپ قىلماي ئولتۇرغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ؟

ئۆتكەن ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ۋېنتان خانىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولدى. بىز ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ زىياپەت بەر-دۇق. ئازراق سوۋغا تەقدىم قىلدۇق. ۋېنتان خانىمنىڭ ھەممى-مىزنىڭ ئالدىدا دادامغا غىلجىڭشىيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن. ئۇ دادامنىڭ يۈزىنى ئاستا سىيلىدى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى قاي-رىپ، ئۆزىچە يومۇر ئېيتتىم دەپ، بىزەپ چاقچاقلارنى قىلدى. بۇ كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان ئىش! ھېلىمۇ ياخشى، دادام ئۇ-نىڭغا پىسەنت قىلمىدى.

پېتىر ئۇ كۈنى ناھايىتى قىزىق ئىش قىلدى! ئۇ ۋېنتان خانىمنىڭ مېھمانلىق پىلاشى ھەم شىلەپىسىنى كىيگەندى. مەن

پىتىنىڭ كاستومىنى، بېشىمغا چۆرىسى يوق شىلەپە كىيگەنىدىم. چوڭلار كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۆزىمىزمۇ خوش بولۇپ كەتتۇق.

ئېللى ماگى ئىككىمىزگە كۆڭلەك ئەكىلىپ بەردى. كۆڭلەكلەر قوپال رەختتىن تىكىلگەن بولسىمۇ، لېكىن باھاسى ھەيران قالغۇدەك قىممەت ئىدى. ماگىنىڭ كۆڭلىكى يىگىرمە تۆت فلورىن، مېنىڭ كۆڭلىكىم يەتتە يېرىم فلورىن ئىدى. باھا ئۆرلەشتىن ئىلگىرىكى باھا بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى.

ساڭا كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئىشتىن يەنە بىرنى دەپ بېرەي! ئېللى ماگى، پىتىر ئۈچىمىزنى خەت ئارقىلىق ئوقۇيدىغان مەكتەپكە تىزىملىتىپ قويۇپتۇ. بىز پات ئارىدا مۇشۇنداق ئوقۇپ تېز خاتىرىلەشنى ئۆگىنىدىغان بولدۇق.

3 - ئۆكتەبىر، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەن تۈنۈگۈن ئاپامغا يەنە تېرىكتىم! ئاپام ئاچچىقىدا دادامغا مېنى چېقىشتۇرۇپ، يىغلاپ كەتتى. بۇ ماڭا بەك ھار كەلدى. ۋارقىراپ يىغلاپ سالدىم. تولا يىغلاپ بېشىم ئاغرىپ كەتتى!

مەن دادامغا ئاستا ئۇنىڭغا بىرقەدەر ئامراق ئىكەنلىكىمنى، ئاپامنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى دېدىم. دادام ماڭا مېنىڭ بۇنداق قىلماسلىقىمنى، ئاپامغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆپرەك ياردەم قىلىشىم كېرەكلىكىنى، ناۋادا ئاپام ئاغرىپ ياكى مىجەزى يوق بولۇپ قالسا، ئۇنى خاپا قىلسام تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن مەن بۇنى قىلالمايتتىم.

فرانسۇز تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشنى خالايتتىم. مەن يېقىندا «رابىل نىۋىلاس» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولدۇم.

## ● جازا لاگېردىكى يەھۇدىيلار

9 ـ ئۆكتەبىر، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

مىربو بىزگە بىز تونۇيدىغان نۇرغۇن يەھۇدىي دوستلارنى گېرمانىيىنىڭ مەخپىي ساقچىلىرى (ئۇلارنى ئادەتتىكى كىشىلەر "گىستاپو" دەپ ئاتايدۇ) تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇلارنىڭ تۇتۇپ كېلىنگەن يەھۇدىيلار مال ـ ۋاران توشۇيدىغان چوڭ يۈك ئاپتوموبىللىرىغا قاچىلاپ، تۇركۇملەپ "ۋېستېربورگ"قا (گوللاندىيىدىكى ئەڭ چوڭ يەھۇدىيلەر جازا لاگېرىغا) ئەكېتىۋاتقانلىقىنى بەزىلەر كۆرگەن.

ۋېستېربورگنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق جاي دەپ ئاڭلىدۇق. بىر مۇنچىنى يۈز ئادەم ئورتاق ئىشلىتىدىكەن. ھاجەتخانا ئاز ئىكەن ھەم ئەر ـ ئاياللارنىڭ دەپ ئايرىلمايدىكەن. بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن يەھۇدىيلار مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن يوغان سۇپىدا ياتىدىكەن. ناتسېست نازارەتچىلەر خالىغىنىنى قىلىدىكەن. ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغان ئوننەچچە ياشلىق قىزلارمۇ بارمىش. ئاھ! ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسكەن ـ دە!

گوللاندىيىدىكى جازا لاگېرلىرى ئاشۇنداق ناچار بولسا، چەت ـ ياقىغا ئەۋەتىۋېتىلگەنلەرنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئىنگلىز تىلىدىكى ئاڭلىتىشتا دېيىلگەنگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ھالدا گاز بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى راست ئوخشىمامدۇ؟ قىينالماي ئۆلۈش مۇشۇ بولسا كېرەك!

مىربونىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئازابلاندىم. ئىسسىق



ياشلىرىمنى تۇتالماي يىغلىۋەتتىم. مىرىبو سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر گېستاپوچىنىڭ پۈتى ئاجىز بىر يەھۇدىي ئايالنى يالاپ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتكەنلىكىنى، ھېلىقى گېستاپوچى ئۇ ئايالنى يولنىڭ بويىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ماشىنىسىنى دەرھال ھەيدەپ كەلگەنلىكىنى، بۇ چاغدا نەچچە ئەنگلىيە ئايروپىلانىنىڭ ئۇچۇپ كېلىپ كوچىنى ئوققا تۇتقانلىقىنى، يەرگە يېتىۋالغان يەھۇدىي ئايالنىڭ قورقۇپ تىتىرەپ كەتكەنلىكىنى، لېكىن بىرەر كىشىنىڭ يەھۇدىي ئايالنى ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتمىگەنلىكىنى، چۈنكى گېستاپونىڭ چىشىغا تېگىشكە ھېچكىمنىڭ پېتىنالمايدىغانلىقىنى دەپ بەردى.

گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ”گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرۇش“ دەيدىغان يېڭى ئۇسۇلى بارمىش. ئۇلار بۇ ئۇسۇل بىلەن قېچىپ كەتمەكچى بولغان ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغانلارغا تاقابىل تۇرىدىكەن. ئەگەر گېستاپوچىلار قېچىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنى ياكى بۇزغۇنچىلارنى تۇتالمىسا، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان يەھۇدىيلار ئارىسىدىن خالىغان بەش ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى جاكارلايدىكەن ھەم بۇ بەش كىشىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئۆلتۈرۈلۈش ئۇسۇلىنى گېزىتكە ئېلان قىلىدىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى ”بەختسىز تەقدىر“ دەيدىكەن!

ئاھ! ”گېرمانىيىلىكلەر“ دېگەن بۇ ئىسىم ئاڭلىماققا ئاجايىپ تۇيۇلىدۇ! ئەمەلىيەتتە، بۇ قانغا بويالغان جىنايەتكارانە ئىسىم! بىز ئەسلى گېرمانىيە پۇقرالىرى، ھەي، بۇ بىز ئۇچۇن ھەقىقەتەن نومۇس. گېتلىر تەختكە چىققان يىلى بارلىق يەھودىيلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى بىكار قىلىپ، گېرمان مىللىتى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىۋەتتى.

16 - ئۆكتەبىر، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

مەن يېقىندا بەك ئالدىراش بوپكەتتىم. شۇنداقتىمۇ «رابىل نىۋىلاس»نى ئوقۇدۇم. كىتابتىكى خام سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ، يادلىدىم. بۇنىڭدىن باشقا زېرىكىشلىك ماتېماتىكا مەشىقى بىلەن فرانسۇز گراماتىكىسىغىمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلدىم. ھېلىمۇ ياخشى، تېز خاتىرىلەشنى ياخشى ئۆگىنىپ، دادام بىلەن ماگىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم.

تۈنۈگۈن ماكۋېرنىڭ «ھۇجۇم» دېگەن كىتابىنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ چىقىپ، ئاجايىپ ھۇزۇرلاندىم. بۇ كىتاب سەۋىيىلىك يازغۇچىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئەكەن. كەلگۈسىدە بۇ كىتابنى ئوقۇشنى باللىرىمغا تەۋسىيە قىلىمەن.

ئاپام، ماگى ئۈچىمىز يېقىندىن بېرى ئوبدان ئۆتۈۋاتىمىز. تۈنۈگۈن ماگى بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتتىم. بەك قىستالغان بولساقمۇ، لېكىن بىزگە قىزىق تۇيۇلدى. بىز ياتقاچ پاراڭلاشتۇق. ئۇرغۇن كۆڭۈل سىرلىرىمىزنى دېيىشتۇق. ماگى ئاخىرى كۈندىلىك خاتىرىسىنى ماڭا كۆرسىتىشكە ماقۇل بولدى. مەن كۈندىلىك خاتىرەمنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشكە رازى بولدۇم.

بۈگۈن ئەتىگەن پېتىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كارىۋىتىدا قويقىلى ئۇنىماي ئېغىناپ يېتىۋالدىم. پېتىر ماڭا ۋارقىراپ كەتتى. لېكىن مەن پەرۋا قىلمىدىم. ئۇنىڭ ماڭا دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم بار ئىدى. چۈنكى تۈنۈگۈن مەن ئۇنىڭغا بىر تال ئالما بەرگەنىدىم.

مەن ماگىدىن، مەن بەك سەتمۇ؟ دەپ سورىدۇم. ئۇ ماڭا:

سەن ناھايىتى چىرايلىق، بولۇپمۇ كۆزلىرىڭ ئىنتايىن چىرايلىق دېدى. چىت، ماگى مېنى ئالدىمايۋاتىدىغاندۇ؟ سېنىڭچە مەن قانداق؟

20 ـ ئۆكتەبىر، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ئىككى سائەت ئالدىدا مەخپىي ئۆيدىكى ھەممەيلەننىڭ پېشانىلىرىمىزدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى! قوللىرىم ھازىرغىچە توختىماي تىترەپ كېتىۋاتىدۇ.

ھەممىمىزنىڭ روھىي جەھەتتە ھېچقانداق تەييارلىقىمىز يوق ئەھۋالدا، بىردىنلا ئىشىكنى يالغاندىن توسۇپ تۇرغان كىتاب ئىشكاپىنىڭ يېنىدىن بولقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆيدىكى ھەربىر ئادەم قىلىۋاتقان ئىشلارنى تاشلاپ، قورقىنىدىن داڭقېتىپ قېلىشتى. تاماق يەۋاتقان ئېللىنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. دادام ئىككىمىز ئېھتىيات بىلەن ئىشىك تۈۋىگە باردۇق. بىزگە "ياغاچچى"دەك تۇيۇلغان بۇ ئادەم قولىدىكى بولقىسىنى ئونبەش مىنۇت تاقىلدىتىپ، كىتاب ئىشكاپىغا پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. يېرىم مىنۇتتىن كېيىن بىرەيلەن كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. بۇ چاغدا قورقۇپ كېتىپ يىغلىۋەتكىلى قىل قالدىم! بىرسى بۇ ئۆيدىن چىققان شەپىنى ئاڭلاپ قېلىپ، تەكشۈرگىلى كەلگەندىمۇ؟ سىرتتىكى ئادەم جاھىللىق بىلەن ئىشىكنى ئىتتىرەتتى. تۇرۇپ ئالدىغا تارتاتتى. تۇرۇپ چېكەتتى. تۇرۇپ ئۇراتتى. پۇتلىرىم بوشاپ، ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم.

دەل شۇ چاغدا سىرتتىكى ئادەم گەپ قىلدى.

— ئىشىكنى ئېچىڭلار، ئۆزۈم يالغۇز...

ۋۇي، بۇ كوفوس ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ئەمەسمۇ؟ ھەي، بىز قالتىس جىددىيلىشىپ كەتكەنىدۇق. دادام دەرھال ئىشىكنىڭ



ئىلمىكىنى ئېلىۋەتتى. شۇندىلا يېنىك نەپەس ئالدىم.

بايام بىرەيلەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابىنى ئالماشتۇرغىلى شىركەتكە كەلگەنىكەن. شىركەتتىكىلەر بۇ ئىشنى بىزگە دەپ قويۇشقا ئۇلگۇرەلمەپتۇ. كوفوس ئەپەندى بۇ ئىشنى بىزگە دەپ قويغىلى كەلگەندە، بىزگە ”ياغاچچى“دەك تۇيۇلۇپ كەتكەن ھېلىدىقى ئادەم بولقىسىنى كىتاب ئىشكاپىغا تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالغانىكەن. مانا ئەمدى ھېچ ئىش يوق. بىكار قورقۇپ كېتىپتۇق.

مىربو بىلەن يوك ئاخشام قونۇپ قالغىلى بىزنىڭكىگە كەلدى. ماگى ئىككىمىز ھۇجرىمىزنى ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە بەردۇق. ئىككىمىز دادام بىلەن ئاپامنىڭ ھۇجرىسىدا يەرگە ئورۇن سېلىپ ياتتۇق. ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن كەچلىك تاماق بىزگە بەك تېتىپ كەتتى! بىراق، تاماق يەۋاتقاندا توساتتىن توكنىڭ بىخەتەرلىك سىمى كۆيۈپ كېتىپ، تاماق يېيىشىمىزگە دەخلى يەتتى. ئۆيدە بىخەتەرلىك سىمى بار ئىدى، لېكىن دەرھال تاپماق تەس ئىدى. ھەممىمىز ھەرىكەتكە كېلىپ ئىزدەپ يۈرۈپ، ئون مىنۇتتىن كېيىن چىراغنى ياندۇردۇق.

مىربو بۈگۈن ئەتىگەن مەخپىي ئۆيدىن ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ ئىشقا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇن يولنىڭ قىسقارغانلىقىدىن ناھايىتى خۇش بولۇپ، كېلەر يەكشەنبە كۈنى يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

29 - ئۆكتەبىر، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دادام ئاغرىپ قالدى! قىزىتمىسى ئۆرلەپ، يېلى تېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرساقمۇ. لېكىن دوختۇرغا كۆرسەتمەيتتۇق. ئاپام، تەرلىسە قىزىتمىسى ياندۇ دېدى. مەن بەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن!

مىربو كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىزگە ۋېنتان ئەپەندىنىڭ ئۆي بىساتلىرىنى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەردى. بۇ خەۋەرنى ۋېنتان خانىمغا دېيىشكە پېتىنالمىدۇق. ئۇ بىلىپ قالسا، ئۆي بىساتلىرىغا چوقۇم ئىچى ئېچىشىپ، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي قالىدۇ. بىزمۇ مانا يۇرۇۋاتىمىزغۇ. پۇللۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيىمىزدە قالدى، ئىچى ئېچىش- قان بىلەن نېمە پايدا؟

يېقىندىن بېرى دادام بىلەن ئاپام ماڭا چوڭلار ئوقۇشلۇقلى- رىنى كۆپرەك كۆرسەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ستلۇنىنىڭ «ياشلىق مەزگىلىدىكى ھاۋا ئانا» دېگەن ئەسىرىنى يېڭىلا ئوقۇپ بولدۇم. كىتابتا ئاياللار پۇل تېپىش ئۈچۈن بەدىنىنى ساتىدۇ، دېيىلگەن. مەن بولسام ئۆلۈشكە رازى! كىتابتا يەنە ھاۋا ئانىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئاي كۆرگەن چېغىدىكى نازۇك ھېس - تۇيغۇسى يېزىلغان. ئاشۇنداق نورمال فىزىئولوگىيىلىك ھالەتنى مەنمۇ كۈتۈۋاتىمەن. بۇ بىر قىز بالا ئۈچۈن مۇھىم بىر جەريان!

دادام ھەر كۈنى كەچتە ماڭا ئاز - ئازدىن ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن گيوتى بىلەن شىللېرنىڭ دراممىلىرىنى تېپىپ قويدى. بىز بۈگۈن كەچ «تانكارسو» دىن باشلايمىز. ئاپاممۇ دادامنى دوراپ مېنىڭ كۆرۈشۈمگە نېمىس تىلىدا يېزىلغان ئىنجىلنى تاپتى. بۇ ئىنجىلنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى ناھايىتى چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىمنى چېكەلمىدى. ئاپامنىڭ نېمىشقا ئې- تىقادىغا ئارىلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى قانائەتلەندۈرۈشنى ئويلىسا كېرەك.

ئەتىلىككە ئوچاققا ئوت ياقىمىز. تۇرخۇن نەچچە يىلدىن بېرى تازىلانمىغانىكەن. ۋاقتى كەلگەندە قويۇق ئىس بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالامدۇق - يوق، بۇ بىزگە نامەلۇم. ھەي، ئىس مېڭىپ

كەتسە ياخشى بولاتتى.

7 ـ نويابىر، شەنبە
قەدىرلىك چىت:
دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئاخشامقى مۇئامىلىسى مېنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتتى!
ماگى قىستۇرما رەسىملىرى ناھايىتى ئېسىل بىر كىتابنى كۆرۈۋاتاتتى. ئىشى چىقىپ قېلىپ، كىتابنى قويۇپ قويۇپ ئۈس- تۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن بىكار ئىدىم، كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلاپ قىستۇرما رەسىملەرنى كۆر- دۈم.
ماگىنىڭ ھايال ئۆتمەي يېنىپ چۈشىدىغانلىقىنى نەدىن بى- لەي، ئۇ كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، تاقەتسىز- لىك بىلەن ياندۇرۇپ بېرىشىمنى ئېيتتى. قىستۇرما سۈرەتلەرنى كۆپرەك كۆرۈۋالاي دېدىم ئۇنىڭغا. ماگىنىڭ ئاچچىقى كەلدى. بۇ چاغدا بىر چەتتە تۇرغان ئاپام توساتتىن ۋارقىراپ:
— ئاننى! كىتابنى ماگىغا بەرگىن! ئۇ ئاۋۋال كۆرۈ- ۋاتقان، — دېدى.
دادام بىزنىڭ تولۇشىۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ يې- نىمىزغا كىردى. ئۇ ماگىنىڭ چىرايىدىكى ئازابلىق ئالامەتنى كۆرۈپ، دەرھال مېنى ئەيىبلەپ:
— ماگى سېنىڭ كىتابىڭنى تارتىۋالسا، سەن قانداق بولۇپ كېتىسەن؟ — دېدى.
مەن ھار ئېلىپ، كىتابنى شۇئان قويۇپ ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتىم. دادام بىلەن ئاپام مېنى خاپا بولدى دەپ ئويلى- دى، مەن خاپا بولمىدىم، ئىنتايىن ھار ئالدىم. بۇ ئىشقا دادام بىلەن ئاپام ئارىلاشمىسىمۇ كىتابنى ماگىغا قايتۇرۇپ بەرگەن

بولاتتىم. ئەمما، ئۇلار مېنىڭ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىمنى كۈتمەستىن، مەن خۇددى قولىدىن يامانلىقلا كېلىدىغان يولسىز ئادەمدەك، ماگى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بىگۇناھ ئادەمدەك ئۇ-نى قوغدىدى.

ئاپام بىلەن ماگى داۋاملىق بىر - بىرسىگە چاپان يېپىشات-تى. بۇنىڭغا بۇرۇنلا كۆنۈپ قالغانىدىم. مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى بىرسى مېنىڭ ئاپام، بىرسى مېنىڭ ئاچام. ئاپام ھورۇن، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشقا ئامراق ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس چىراي ئىپادىسىگە پەقەتلا چىديالمايتتىم. دادام كىچىك بالىلار چوڭلارنى تەنقىدلىمەسلىكى كېرەك دەيتتى. مەنمۇ ھەمىشە ئۆزۈمنى ئاپامنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىگە دىققەت قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇراتتىم. مۇشۇ كەمچىلىكلىرىنى ئۆزگەر-تىش ئۈچۈن ئاپامغا نەسىھەت قىلغۇم كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قېتىم جېدەل بولغاندا ئۆزۈمنىڭكىنى خاتا دەپ قارىمايتتىم.

دادامنىڭ مۇئامىلىسى ئوخشاش بولماي قالدى! بۇ ئىشتا دادامنىڭ مۇئامىلىسى مېنىڭ كۆڭلۈمگە كەلدى. مەن دادامنى ھۆرمەت قىلاتتىم، ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. بۇ دۇنيادا مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىم — دادام ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ھەقىقىي "ئائىلە"نىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپات-تىم.

دادام ماگىغا ئامراق ئىدى. ماگى نېمە قىلىمەن دېسە، دادام ئۇنى قوللايتتى. ماختايتتى، ھەتتا رىغبەتلەندۈرەتتى، ئۇنىڭ يېنىنى ئالاتتى. مەن ماگىغا ھەسەت قىلمايمەن. ئۇ چىرايلىق، مۇلايىم، نازاكەتلىك ھەم مەندىن ئەقىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ كەلگەن ئەمەسمەن. مېنىڭ ئارزۇيۇم پەقەتلا "دادامنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىگە ئېرىشىش" ئىدى. ئۇ-نىڭ مېنى ئېتىراپ قىلىشى ئەڭ مۇھىم ئىدى.

توغرا، ماگى ئىنتايىن ياخشى، دادام شۇڭا ئۇنى ئەتىۋارلايدۇ. لېكىن مېنىڭمۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولۇش ھوقۇقۇم بارغۇ! ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ ئائىلىدە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ باقمىغان ئەقلىدىي كەمتۈك قىز بالىدەك ھەمىشە يا تىل - ھاقارەتكە قالىمەن يا جازاغا ئۇچرايمەن. مەن دادامنىڭ ماڭا ئازىراق مېھرىنى بېرىشكە ئىنتىزارمەن. لېكىن ئۇ بەرمەيدۇ. كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم.

ئەجەبا، بۇ دۇنيادا مېنىڭ دەردەمگە يېتىدىغان ئادەم يوقمىدۇ؟

مەن بەزىدە پەرۋەردىگار مېنى سىناۋاتىدۇ، ھازىر مۇشۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دەپ قارايمەن. مەن چوقۇم ئۆزۈمنى ئوبدان تەربىيىلىسەم، كەلگۈسىدە تېخىمۇ قەيسەر بولىمەن. مەن كىچىك بالا ئەمەس، ئۆز قارىشىم، ئوي - پىكرىم ۋە پىلانىم بولۇشى كېرەك. گەرچە مەن شۇ تاپتا دېڭىزدا كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشىساممۇ، لېكىن كەلگۈسىدە قايسى قىرغاقتا توختاش كېرەكلىكىنى بىلىمەن. ۋاپادار خوتۇن، مېھرىبان ئانا بولۇش ئىستىكى كۆڭلۈمدە ئالللىبۇرۇن پەيدا بولۇپ بولغان. ئاپام بۇنداق ئاياللار تىپىغا پۈتۈنلەي مەنسۇپ بولمىسىمۇ، لېكىن مەن ئۆز غايەمگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ، باللىرىمنىڭ ئالدىدا ھەقىقىي ئانىلىق سالاپىتىمنى ئىپادىلەيمەن.

باشقىلار ھەمىشە مەقسىتىمنى خاتا چۈشىنىپ، ماڭا ئەقىل ئۆگىتىپ كېتىدۇ. تۇرۇپ مېنى زېھنىي ئوچۇق، كىتابتىن نۇرغۇن بىلىم ئۆگىنىپتۇ، دېيىشىدۇ؛ تۇرۇپ مېنى دۆت ئېشەككە ئوخشايدۇ، قوپال ئىش قىلىدۇ، دېيىشىدۇ. ناھايىتى كۆپ كەمچىلىكىم بارلىقىنى، تۈزىتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن. ئەمما يەنىلا ئىنكار قىلىنىدۇ. مېنىڭ ئازابىمنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ، ماڭا ھەم ھېچكىم تەسەللىي بەرمەيدۇ. ھازىردىن

باشلاپ يىغلاڭغۇلۇق قىلماسلىق، چۆكۈرۈشلەرگە كارىم بولماس-لىق قارارىغا كەلدىم. دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، ھەممە ئىشنى كۆندىلىك خاتىرىگە رەتلىك يېزىپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىسىنى تاپىمەن.

ھەي! مەن بىرسىنىڭ ماڭا ئازراق بولسىمۇ مېھىر بىلەن رىغبەت بېرىشىنى شۇ قەدەر ئۈمىد قىلىمەن! بىراق، چىت، مېنىڭ دەردىمنى سەنلا سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاشنى خالايسەن، مېنى پەقەت ئەيىبلىمەيسەن.

9 - نويابىر، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

تۈنۈگۈن پىتىرنىڭ ئون ئالتە ياشقا تولغان كۈنى. ئۇ ئويۇن-چۇق، بىرتىۋا ۋە چاقماق قاتارلىق ياخشى سوۋغاتلارغا ئېرىشتى. پىتىر تاماكا چەكمەيدۇ، بىراق چاقماق ساقلاشقا ئامراق.

ۋېنتان ئەپەندى تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە ھەيران قالارلىق بىر خۇش خەۋەرنى بىزگە زوق بىلەن يەتكۈزدى: ئەنگلىيە ئارمىيىسى تۇنىس، ئالجىرىيە كاسابلانكا ۋە ئوراندا قۇرۇقلۇققا چىققانىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇرۇش پات ئارىدا ئاخىرلىشىدۇ، دېيىشىۋېتىپتۇ. ئەنگلىيە ۋەزىرى چىرچىل يۇ-مۇرلۇق قىلىپ:

— ئۇرۇش پات ئارىدا تۈگەيدۇ ئەمەس، بەلكى بىز ئۇرۇشقا پات ئارىدا خاتىمە بېرىمىز! — دەپتۇ.

بۇنىڭدىن ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ! سوۋېت روسسىيىسى لېنىنگرادنى ئۈچ ئاي قوغدىدى، گېرمانىيە ئارمىيىسى يەنىلا ئالالمىدىغۇ؟

ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مەسىلىسى بىز ئۇچۇن ئەڭ باش قاتۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. بىز قاراڭغۇ بازاردىن تۆت كىشىلىك كارتوشكا ئېلىۋالغانىدۇق (كارتوشكىنىڭ باھاسى توخ-تىماي ئۆرلەپ يىگىرمە يەتتە فلورىندىن ئوتتۇز ئۈچ فلورىنغا چىققانىدى). كوفوس ئەپەندى مۇشۇ كارتوشكىلار بىلەن قەدىناس بولكىچى ئاغىنىسىدىن ۋاقتى - ۋاقتىدا بولكا ئالاتتى. بىر قې-تىمدا كۆپ ئالغىلى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا قورساقتىن قىينال-مايتتۇق.

بىز مۇشۇ كۈنگە قەدەر بىريۈز ئەللىك كۆكتات كونسېرۋاسى غەملىۋالدۇق. تۇنۇگۈن يەنە ئىككى يۈز يەتمىش قاداق قۇرۇق كۆك پۇرچاق بىلەن دادۇر ئالدۇق. بىر قىسمىنى ئىشخانىدىكى-لەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئەكىتىشكە بەردۇق. قالغىنىنى ئالتە خالتىغا قاچىلاپ، مەخپىي ئۆينىڭ كارىدورىدىكى قوزۇققا ئېسىپ قوي-دۇق. دادۇر - پۇرچاق ئېغىر بولغاچقا، خالتىلار كۆتۈرەلمەي بارغانسېرى يېرىلىشقا باشلىدى. بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ دادۇر - پۇرچاقلار بالكونغا ئاچىقىۋېتىلىدىغان بولدى.

دادۇر - پۇرچاق قاچىلانغان خالتىلارنى يۆتكەشكە پېتىر مەسئۇل بولدى. ئۇ ئاخىرقى بىر خالتىنى يۆتكىگەن چېغىدا، توساتتىن خالتىنىڭ تۈۋى يېرىلىپ كېتىپ، خالتىدىكى پۇرچاق-لار يەرگە چېچىلىپ، تام تۈۋى ۋە يەردىكى تۆشۈكلەر پۇرچاق بىلەن توشۇپ كەتتى. ھېلىمۇ تۇنۇگۈن يەكشەنبە كۈنى ئىدى، بولمىسا ئاستىنقى قەۋەتتىكىلەر بۇ بىنا ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قاپتۇ دېگەن بولاتتى. مەن ئۈستىگە چىقسام، پېتىر پەلەمپەيدە پۇرچاقتىن ھاسىل بولغان دېڭىزدىكى تەنھا ئارالدەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم. ھەممىمىز پۇرچاقنى قولمۇقول خالتىغا قاچىلاپ، ئاندىن خاتىرجەم بول-دۇق.

دادامنىڭ سالامەتلىكى كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى. رادىئو-دىن بايام يەنە يېڭى خەۋەر ئاڭلىدۇق. ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئالجىـ-رىيە، كاسابلانكا، ماراكەش ۋە ئورانىنى ئىشغال قىپتۇ. بىز تۇنىسنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈۋاتىمىز.

## ● سەككىزىنچى ھەمراھ

10 - نويابىر، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەخپىي ئۆيگە يەنە بىرەيلەن كۆچۈپ كىرىدىغان بولدى! ئۇ دېسسېر ئىسىملىك بىر چىش دوختۇرى ئىدى. ئۇنىڭ خۇشخۇي ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەربىر ئادەم بىلىدۇ. دېسسېرنىڭ خانىمى ناھايىتى تەلەيلىك ئىكەن. ئۇ گېرمانىيە گوللاندىيىنى بېسىۋې-لىشتىن ئاۋۋال چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنىكەن.

يېقىندىن بۇيان يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى خە-تەرلىك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتاتتۇق. دادام بىز-دىكى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن ئۆيلەرنى ھېسابلاپ يەنە بىر ئادەمنى سىغدۇرۇپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. دادام كو-فوس ۋە گىرويتېر ئەپەندىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يەنە بىر ئادەمگە ياردەم قىلماقچى بولدى. دادام: "مەيلى يەتتە ياكى سەك-كىز ئادەم بولسۇن ئوخشاشلا خەتەرلىك" دەيتتى. بىر بويتاق ئادەمنى ئەكىرىش ئۇچۇن بىزنىڭ چوڭ "ئائىلىمىز" مۇۋاپىقراق ئىدى.

دېسسېرنى مىربومو تونۇيتتى. ئىشلارنى جايلاشتۇرۇشقا ئۇ رازى بولدى.

دېسسېر ئىككىمىز بىر ھۇجرىنى ئىشلىتىدىغان بولدۇق.

ماگى ئۇزۇن سافاسىنى ماڭا بەردى. سەپەر كارىۋىتىمنى دادام بىلەن ئاپامنىڭ ھۇجرىسىغا ئاچىقىپ، ماگىغا بەردىم.

12 ـ نويابىر، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دېسسېر مىربونىڭ ئۇنىڭغا پاناھ جاي تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ قالتىس خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى مىربودىن ئاڭلىدۇق. مىربو دېسسېرغا دەرھال مېڭىش كېرەكلىكىنى دېگەن. لېكىن ئۇ كېسەل تارىخلىرىنى رەتلەش، دېيىشىپ قويغان ئىككى بىمارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش، ھېساباتنى ئۇزۇۋېتىش كېرەكلىكىنى دەپ شەنبە كۈنى ئاندىن كۆچەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھەممىمىز ئۇنىڭ ۋاقىتنى مۇشۇنداق كەينىگە تارتىشنى تازىمۇ ئەقىلسىزلىق دەپ ھېسابلىدۇق.

ناۋادا شۇ مەزگىلدە قولغا ئېلىنىپ كەتسە، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟

ئاڭلىساق، دېسسېر بايىلا يەنە بىر يېڭى قارارغا كېلىپ، كېلەر دۈشەنبە كۈنى كۆچمەكچى بوپتۇ. پەرۋەردىگارىم! دېسسېر ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ مۇشۇ نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە قولغا چۈشۈپ كەتسە، ئۇ ئاشۇ كېسەل تارىخلىرىنى رەتلەپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىمارلارنى كېسەل كۆرستىشكە ئورۇنلاشتۇرالارمۇ؟ ئۇ زادى نېمە ئويلايدىغاندۇ؟ دادام ئۇنىڭ گېپىنى راست قىلاتتى، بۇ ئىشقا مېنىڭ ئەقلىم يەتمەيتتى.

17 ـ نويابىر، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دېسسېر ئاخىرى كۆچۈپ كەلدى! ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولدى.

مىربو تۆنۆگۆن دىسسىرغا چۈش سائەت ئونبىردە ئۆنى ئالغىلى پوچتىخانا ئالدىغا بىرسى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. كوفوس ئەپەندى دىسسىرنى تونۇيتتى. ئۇ دەل ۋاقتىدا پوچتىخانا ئالدىغا بېرىپ، دىسسىر بىلەن ئازراق پاراڭلىشىپ، تراموۋايغا چۈشۈپ شىركەتكە قايتقان. دىسسىر تراموۋايغا چىقسا بولمىغاچقا، تراموۋاي ماڭغان يولنى بويلاپ ماڭغان.

دىسسىر سائەت ئونبىردىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە شىركەتكە يېتىپ كەلگەن. ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن مىربو ئۆنىڭ پەلتوسىنى سالدۇرۇۋەتكەن. بولمىسا، باشقىلار ئۆنىڭ مەيدىسىدىكى سېرىق ئالتە شوئارنى كۆرۈۋالغان بولاتتى. مىربو دىسسىرنى باش مۇدىر ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرگەن. كوفوس ئەپەندى ئۆنىڭ بىلەن يالغاندىن يۈز تۇرانە سۆزلەشكەن. مىربو ئۆنى تازىلىق ئىشچىسى ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە ئاچىققان. مىربو نىقاپلىق كىتاب ئىشكاپىنى تارتىپ ئاچقان چاغدا، دىسسىر ھاڭۋېقىپ جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى.

بىز ئۆنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قەھۋە ۋە فرانسىيە براندى تەييارلاپ قويغانىدۇق. مىربو ئۆنىڭغا مېھمانخانا ۋە ھۇجرىلارنى كۆرسەتتى. دىسسىر بىزنىڭ ”ئائىلە بىساتلىرىمىز“نى، ئائىلە بىساتلىرىمىزنىڭ كۆپ خىللىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ئورۇندۇقتا پۈشۈلداپ، گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— دېمەك، سىلەر بىلگىنىگە بارماپسىلەر - دە! مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇندىڭلار! بۇ يەر بىخەتەرمۇ؟

بىز ئۆنىڭغا قېچىش جەريانىنى تەپسىلىي دەپ بەردۇق. ئۇ توختىماي بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاخىرى كۈلۈمسىرىدى.

بىز چۈشلۈك تاماقنى بىللە يېدۇق. چۈشتىن كېيىن دىس-

سىڭىر بىردەم ئۇخلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋىتىنى جايلاشتۇ-رۇشقا باشلىدى. كەچقۇرۇن، بىز ئۇنىڭغا يەنە چاي بەردۇق. ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ئۇمۇ ھېس قىلغىلى تۇردى. بۇ چاغدا، ۋېنتان ئەپەندى دېسسىرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ھەم ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەركىنرەك تۇتۇشى ئۈچۈن ماشىنىكىدا ئۇرۇلغان «مەخپىي ئۆيدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھدىنامىسى» نى چىقاردى.

«مەخپىي ئۆيدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھدىنامىسى» نىڭ مەز-مۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

ئاساسىي مەقسەت: يەھۇدىيلار ۋاقىتلىق تۇرالغۇسىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن شۇ تۇرمۇش ئۇ-سۇلى بېكىتىلدى.

چۈشەنچە: بۇ تىنچ، گۈزەل ھەم ئەركىن جاي. بۇ جاي ئامىستېردام شەھەر رايونىغا جايلاشقان. بۇ جايغا ۋېلىسىپىتلىق، سائەتلىك ماشىنا ۋە 13 ـ، 17 ـ يول تراموايلىرىغا ئولتۇرۇپ كەلگى-لى بولىدۇ. ناۋادا گېرمانىيىلىكلەر قاتناشنى قامال قىلىۋالسا، بۇ چەت ـ ياقا يەرگە مېڭىپ كەلگىلىمۇ بولىدۇ.

تاماق ۋە ياتاق: (1) پۈتۈنلەي ھەقسىز.
(2) مايسىز تاماق بېرىلىدۇ.
(3) تۇرۇبا سۈيى تەمىن ئېتىلىدۇ.
(4) ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يۈك ـ تاقا قويىدىغان جاي بار.
(5) رادىئودىن لوندون، نيۇ ـ

يورك ۋە باشقا نۇرغۇن ئىستانسىلار-
نىڭ ئاڭلىتىشىنى ئاڭلىغىلى بولى-
دۇ. لېكىن كەچ سائەت دەل ئالتى-
دىن كېيىن ئاڭلاش كېرەك. رادىئو
بارلىق ئىستانسىلارنى تارتالايدۇ.
گېرمانىيە رادىئوسىدىن سىياسەتكە
مۇناسىۋەتسىز ئالاھىدە پروگرامى-
لارنى، مەسىلەن، كلاسسىك مۇزى-
كىلارنىلا ئاڭلاش كېرەك.

دەم ئېلىش ۋاقتى: كەچ سائەت ئوندىن ئەتىسى
ئەتىگەن يەتتە يېرىمغىچە، يەكشەنبە
كۈنلىرى دەم ئېلىش ۋاقتى ئوندىن
ئونبەش مىنۇت ئۆتكىچە ئۇزارتىلسا
بولىدۇ. ئادەتتە ئەھۋال يار بەرسە،
كۈندۈزى دەم ئالسىمۇ بولىدۇ.

ساياھەتكە چىقىش: ئۇرۇش تۈگەشتىن ئاۋۋال بۇ ئىش
ئويلىشىلمايدۇ.

تىل قوللىنىش: ھەرقانداق مەدەنىي تىل قوللىنىلسا
بولىدۇ. لېكىن گېرمانىيە تىلى قول-
لىنىلمايدۇ.

ئۆگىنىش: ھەر ھەپتىدە بىر سائەت تېز خاتىر
بلەش دەرسى ئۆگىنىلىدۇ. ئىنگ-
لىز، فرانسۇز تىلى، ماتېماتىكا ۋە
تارىخ قاتارلىقلارنى ھەر كۈنى ئۆگەنى-
سە بولىدۇ.

ھايۋانات بېقىش: چوقۇم كۆپچىلىكنىڭ ماقۇللۇقىدىن
ئۆتۈشى كېرەك.

تاماق ۋاقتى: (1) ئەتىگەنلىك تاماق: ئادەتتە ئەتىگەن سائەت توققۇزدا. يەكشەنبە كۈنلىرى سائەت ئون بىردە.
(2) چۈشلۈك تاماق: مول بولمايدۇ. ۋاقتى: چۈشتىن كېيىن سائەت بىردىن ئونبەش مىنۇتتىن بىردىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكىچە ئارىلىقتا بولىدۇ.
(3) كەچلىك تاماق: سوغۇق ياكى ئىسسىق تاماق ھازىرلىنىدۇ. ۋاقتى مۇقىم ئەمەس. ۋاقتى رادىئو خەۋەرلىرى ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ.

مەجبۇرىيەت: تازىلىققا جەزمەن رىئايە قىلىنىدۇ.

يۇيۇنۇش: يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دىن باشلىنىدۇ. كىر يۇيۇش توڭغا سۇ قاچىلاپ ھاجەتخانا، باش مۇدىر ئىشخانىسى ۋە چوڭ ئاشخانا ياكى ئىشخانىدا يۇيۇنسا بولىدۇ.

ھاراق ئىچىش: چوقۇم دوختۇرنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش كېرەك.

19 ـ نويابىر، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دېسسېر ھەقىقەتەن ياخشى ئادەمكەن. ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن ئۇ بىزدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدى.

راستتىنى ئېيتقاندا، ئۆزۈڭنىڭ نەرسىلىرىنى ناتونۇش ئادەم بىلەن تەڭ ئىشلەتسەڭ، باشتا تازا كۆنۈپ كېتەلمەيدىكەنسەن!

بىراق، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاز - تولا قۇربان بېرىشتىن ساقلانماق تەس. دادام:

— ئادەم قۇتقۇزۇش بىرىنچى، باشقا ئىشلار ئىككىنچى، — دەيدۇ. بۇ سۆز ئىنتايىن توغرا.

دېيسىېر بىرىنچى كۈنى كېلىپلا مەندىن توختىماي تۈرلۈك سوئاللارنى سورىدى. ئۇ مەندىن تۇرۇپ ئايال تازىلىق ئىشچىسى-نىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى، تۇرۇپ ھاجەتخانىغا قاچان كىرسە، قاچان يۇيۇنسا بولىدىغانلىقىنى سورايتتى. دائىم ئېسىدە تۇتال-مايتتى.

گەپلىرىم ساڭا كۆلكىلىك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتقان بولسا كې-رەك. كۈنلىرىنى ئوغرى مۈشۈكتەك ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلگەن بىزدەكلەر ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلماق ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. كۈندۈزى ئاستىنقى قەۋەتتىكىلەر ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ ھېچقاند-داق تىۋىش چىقارمايمىز. شىركەتكە سىرتتىن ئادەم كەلسە، بەكرەك سەزگۈرلىشىپ كېتىمىز. دېيسىېرنىڭ سەزگۈرلىكى شۇنچىلىك ناچار، مۇھىتتا تۇيۇقسىز چوڭ ئۆزگىرىش بولغاچقا بۇنىڭغا دەرھال ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلمەيۋاتقان بولسا كېرەك!

بىز بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا بارا - بارا كۆنۈپ قالدۇق. كۆپچىلىكنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىمۇ ئوبدان، دېيسىېر بەزىدە بىزگە سىرتتا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بىز ئۇزۇن-دىن بېرى سىرتتىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر ئىدۇق.

دېيسىېر بىز تونۇيدىغان نۇرغۇن يەھۇدىي دوستلارنىڭ پالا-كەتكە يولۇققانلىقىنى ئېيتتى. گېرمانىيىلىكلەر ئۆيمۇ ئۆي ئاخ-تۇرۇپ، يەھۇدىيلارنى بايقىغان ھامان ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۇلار-نىڭ قولىدا تىزىملىك بار ئىكەن. يوشۇرۇنۇپ كېتەلىسە ئامان قالىدىكەن، بولمىسا ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. ئۇلارغا

كۆپ پۇل بەرسە، بەزى يەھۇدىيلارنى ۋاقتىنچە قويۇپ بېرىدى-
كەن. لېكىن ماشرەڭ ياكى كۇل رەڭ فورما كىيگەن گېرمانىيە
ساقچىلىرى ھەممە يەردە بار ئىكەن. لىق يەھۇدىيلار قاچىلانغان
ماشىنىلار يولدىن ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. بۇ يەھۇ-
دىيلار قېچىپ نەگە بارالايدۇ؟ قاپقاراڭغۇ كېچىلەردە رەھىمسىز
گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ گۇناھسىز يەھۇدىيلارنى تۇركۇم - تۇر-
كۇم يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدا يىغلاۋاتقان بوۋاق ۋە كىچىك باللار، قېرىلار،
ئېغىر ئاياغ ئاياللار، كېسەلمەنلەر بار ئىكەن، قەدەممۇ قەدەم
ھالاكەتكە يۈزلەنگەن بۇ بىچارىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بالا - قازادىن
ئامان قالمايدىكەن!
يەھۇدىيلارنىڭ تەقدىرى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! بۇ يەرگە
يوشۇرۇنۇۋالغان بىز راستتىنلا بەختلىك ئىكەنمىز!

20 نويابىر، جۈمە
قەدىرلىك چىت:
مىربو يەھۇدىيلارنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى بىزگە دېسىلا،
ۋېنتان خانىم يىغلاپ كېتەتتى. شۇڭا مىربو بۇ يامان خەۋەرلەرنى
بىزگە دېيىشنى لايىق تاپمىدى. ئەمما بىز ئەمدى دېسىپىردىن
كوچىلاپ سورايدىغان بولدۇق. ئۇ قورقۇنچلۇق پاكىتلارنى دېگەندى-
دە، كەيپىياتىمىز شۇ ھامان قايغۇلۇق تۈس ئالاتتى. بۇ بەختى-
سىزلىكلەرنى نەچچە كۈن ئۇيلىمىساق، كۆڭلىمىز يەنە
كۆلكە - چاقچاق بىلەن ئۆتەتتى.
چىت، سەن بىزنى جان ساقلاشنىڭ كويىدا قالغان دەپ
قارامسەن؟ بىز كۆز ئالدىمىزدىكى تەشۋىش بىلەن ئازاب - ئوقۇ-
بەتكە تولغان تۇرمۇشقا قانداق يۈزلىنىشىمىز كېرەك؟
مەن مۇنداق قارايمەن: بىز مەيلى قانچىلىك قايغۇرايلى،

سىرتتىكى دوستلىرىمىزنى مەيلى قانچىلىك سېغىنايلى،
بۇلاڭ - تالاڭغا قالغان ئاشۇلارغا ياردەم قىلىش بىزنىڭ قولىمىز-
دىن كېلەمدۇ؟ مەخپىي ئۆينى ”غەمكىن ئۆي“ قىلىۋېتىشىمىز
كېرەكمۇ؟ ئاز - تولا خۇشال كەيپىيات يارىتىش نومۇسسىزلىق
ھېسابلىنامدۇ؟

مەن بۇرۇن خۇشال يۈرۈيدىغان قىزچاق ئىدىم. ھازىر ئاشۇ
بەختسىزلىكلەرنى ئويلىمايمۇ كۆڭلۈم پەرىشان يۈرۈيمەن. بەزىدە
دادام ماڭا كۆيۈنمەيدىغاندەك، مېنى ياخشى كۆرمەيدىغاندەك،
بەزىدە قەلبىم ناھايىتى بوشتەك، بۇ بوشلۇقنى مەڭگۈ تولدۇرۇپ
بولغىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. كۆڭۈلسىز ئىشلار بەك جىق،
بۇنى ئويلىساڭ باش ئاغرىپ كېتىدۇ. مەن ياش قىزلارغا خاس
بولغان خۇشال كەيپىياتنى كۆپرەك ساقلىشىم كېرەكمۇ قانداق؟

28 - نويابىر، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

يېقىندىن بۇيان توكنى ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىۋېتىپتۇق.
توك مىقدارى ئېشىپ كېتىپتۇ. توكنى ئىقتىسادچانلىق بىلەن
ئىشلەتمىسەك بولمىغۇدەك! ئىككى ھەپتىدىن بېرى چىراغ ياقمى-
دۇق. سائەت تۆتتىن كېيىن قاراڭغۇدا كىتاب ئوقۇغىلىمۇ بول-
مايتتى. بىز ھەرخىل ئاماللارنى ئويلاپ تېپىپ، كەچلىك ۋاقىت-
نى تېپىشماق ئېيتىشىش، گىمناستىكا ئويناش، ئىنگلىز ۋە
فرانسۇز تىلىدا پاراڭلىشىش، كىتابلارغا باھا بېرىش بىلەن ئۆت-
كۈزدۇق.

مەن ئاخشام ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان يېڭى بىر ئۇسۇل-
نى بايقىدىم. ھەسسىلەپ چوڭ كۆرسىتىدىغان دوربۇننى تېپىپ
چىراغ يېقىلغان ئۆيلەرنى ئوغرىلىقچە كۆزەتتىم. خولۇم - قوش-
نىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوغرىلىقچە ماراشنىڭ بۇنچىلىك قىزىقار-

لىق بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى بىلمەيتتىم!

قارىسام، بىرجۇپ ئەر - خوتۇن كەچلىك تاماق يەۋاتاتتى، بىر ئائىلىدىكىلەر كىنو كۆرۈۋاتاتتى؛ بىر چىش دوختۇرى بىر موماينىڭ چىشىنى داۋالاۋاتاتتى. موماي ئاجايىپ جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

ئېسىدىكەن قىزىق - ھە! ئادەتتە مەيلى كۇندۇزى ياكى كېچىسى بولسۇن، دېرىزە پەردىسىنى ئازراقمۇ ئاچالمايتتۇق. ئەمما ھازىر قاراڭغۇدا بەرىبىر ئىدى.

دېسسېرنىڭ بالىلارغا كۆيۈنىدىغانلىقى ھەم ئۇلار بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئىلگىرى باشقىلاردىن پات - پات ئاڭلايتتىم. ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ماڭا چوڭلارغا خاس قىياپەتتە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

مەن ھەقىقەتەن بەختلىك! بۇ ئەپەندى بىلەن بىر ھۇجرىدا ياتىمەن. بۇ يەردە ئۈچ بالا بار. ئارىسىدا مەن ھەممىدىن ئەسكىسى دەپ تونۇلدۇم. زۇرۇر بولمىغان كوتۇلداشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن نائىلاج خۇپسەن بولىۋالىمەن.

دېسسېر راستتىنلا چاكىنا ئادەم ئىكەن، ئۇ ھەمىشە ماڭا تەنبىھ بېرىپ بولۇپ، مېنى ئاستىرتتىن ئاپامغا چاقىدۇ. مەن يەنە بىر قېتىم دەككەمنى يەيمەن. ناۋادا قارا باسقاندەك ۋېنتان خانىمغا يولۇقۇپ قالسام بوران - چاپقۇنلۇق كېچىدە قالغان يولۇچىدەك جىنىدەك خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيمەن.

ئۇلار كوكولامنى تۇتۇۋېلىپ، ماڭا قالايمىقان گۇناھ ئارتىدۇ. تويۇپ كېتىمەن. ھەتتا كۇلۇشۇمنى ياكى يىغلىشىمنى بىلمەي قالىمەن. ئەجەبا ئۇلار خاراكتېرىمنى، ئۆزۈمگە خاس يورۇش - تۇرۇش ئۆلچىمىم بارلىقىنى ھېس قىلمامدىغاندۇ؟

7 ـ دېكابىر، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

بۇ يىلقى كاناكا بايرىمى بىلەن سېن نىكرا بايرىمى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ. نەچچە كۈنلا قالدى.

كاناكا بايرىمى كۈنى بەكمۇ تەنتەنە قىلىپ كەتمىدۇق. ئۆزئارا سوۋغا ئالماشتۇردۇق. ئون مىنۇت شام يېقىپ ناخشا ئېيتتۇق. شام يېقىلسا، تولىمۇ ئاددىي بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ۋېنتان ئەپەندىم ئالايىتەن ياغاچ سەھنە ياساپ كەيپىياتنى كۆتۈردى. ساقلاۋاتقان شاملار چەكلىك ئىدى، شۇڭا ئىسراپ قىلىشقا پېتىنالمايتتۇق. شام يورۇقىدا ئون مىنۇت ناخشا ئېيتسا كۆپچىلىك ناھايىتى قانائەتلىنەتتى. ئىشقىلىپ بۇ بايرامنى ھەربىر يەھۇدىي ئۆتكۈزەلمەيدىغۇ!

شەنبە كۈنى سېن نىكرا بايرىمى بولدى. ئالدىنقى يىللاردا بوۋاقلارنى قوغدايدىغان خاتىرىلەيدىغان ئىلاھنى بۇ كۈنگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەنىدۇق. لېكىن شۇ كۈنى ئىللى بىلەن مىربو ئىككىسىنىڭ دادامنىڭ قولىقىغا پىچىرلاۋاتقانلىقىنى كۆردۇق ھەم جەزمەن ئالاھىدە نومۇر بار، دەپ پەرەز قىلدۇق.

كەچ سائەت سەككىز بولغاندا، دادام بىزنى باشلاپ قاراڭغۇلۇقتىن ئۆتۈپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىسكىلاتقا ئەكىردى. دادام چىراغنى يېقىپ، يوغان ياغاچ ئىشكاپنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. بىز يوغان بىر سېۋەتنى كۆردۇق. سېۋەتتە رەڭگارەڭ سېن نىكرا قەغەزلىرى بار ئىدى. ئۈستىگە ئىنتايىن ئوماق قارا پېترنىڭ نىقابى يېپىلغانىدى. بىز قەۋەت خۇش بولۇپ كەتتۇق. سېۋەتنى دەرھال مەخپىي ئۆيگە ئاچىقىپ كەتتۇق.

سېۋەتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ھەربىرىمىز سوۋغات ئالدۇق، سوۋغاتنىڭ ئىچىدە بىر كۇپلېت شېئىرمۇ بار ئىدى.

مەن قونچاق ئالغانىدىم. ئۇنىڭغا كۆڭلەك ئورنىدا خالتا كىيگۈزۈلگەنىدى. بۇ خالتىغا كۆپ نەرسىلەرنى سالغىلى بولاتتى. دادامغا تەگكەن سوۋغا — كىچىك كىتاب ئىشكاپى ئىدى.

بىز بۇرۇن سېن نىكرا بايرىمىنى تەبرىكلەپ باقمىغانىدۇق. بۇ يىل باشلىدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى تەبرىكلەيمىز.

10 ـ دېكابىر، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ۋېنتان ئەپەندى بۇرۇن دورا ـ دەرمەك، قىزا ۋە گۆش تۇرىدىكى نەرسىلەر سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. ئۇ بىزگە ئازىراق قىزا قىلىپ بېرىدىغان بولدى. بىز بۇنىڭدىن بەك خۇرسەن بولدۇق.

ۋېنتان ئەپەندى گۆشنى توغرامچا قىلىپ، قىيما قىلىش ماشىنىسىغا سالدى. قىيما قىلىنغان گۆشكە دورا ـ دەرمەك ئارىلاشتۇرۇپ، گۆشنى نەيچە ئارقىلىق ئۈچەيگە تىقتى. شۇنىڭ بىلەن "كىرىدىلات قىزىسى" تەييار بولدى. بۇنداق قىزىنى ئەسلىدە قۇرۇتۇپ يېيىش كېرەك ئىدى، لېكىن شۇ كۈنى ئاخشىمى تاقەت قىلالماي، ئازىراق كېسىپ، تۇزلىغان سەي بىلەن قورۇدۇق. تەمى ئاغزىمىزدا قالدى. قالغان قىزىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن تورۇسقا ئېسىپ قويدۇق. ھەر بىر كىشى ئۆيگە كىرىپ، تورۇسقا قاراپ، ئىختىيارسىز قانائەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

ۋېنتان ئەپەندى خانىمىنىڭ پەشتامىسىنى تارتىپ قىزا قىلدۇراتتى. ئىككى قولىغا قان يۇققان، گۆشلەرنى توختىماي تۇتۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ قاسساپقا ئوخشاپ قالغانىدى.

ۋېنتان خانىم ئوچاقتىكى شورپىنى تىنىمسىز ئارىلاشتۇرۇپ، ئوتقا دىققەت قىلغاچ، كىتابقا قاراپ گوللاندىيە تىلىدا

سۆزلەيتتى، بىلىم ئاغرىپ كەتتى دەپ توختىماي ۋايسايتتى. مىنىڭچە، ئۇ بۇنداق جاپا تارتمىسىمۇ بولاتتى. يىشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا بۇنچىلىك خۇپسەنلىك قىلىپ، بىزگە يېتىشەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتامدىغاندۇ ـ قانداق؟

دادامنىڭ رىماتىزىم كېسىلى يەنە قوزغالدى. ئۇ دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇراتتى. ۋېنتان ئەپەندىنىڭ ئىشىغا قاراپ گويا مىجەزى يوقتەك بىردەم ـ بىردەم قىمىرلاپ قوياتتى. مەن بىردىنلا دادامنىڭ كۆپ قېرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. ۋاقىت ھەقىقەتەن رەھىمسىز، كىشىنى ئاستا ـ ئاستا قېرىتىۋېتىدىكەن.

پىت ئۆزى يالغۇز ھۇجرىسىغا سولىنىۋېلىپ، ئاسلىنىنى يېپتا ماڭدۇرۇۋاتاتتى. ئاپام، ماگى ئۇچىمىز ياڭيۇ ئاقلاش بىلەن بەند ئىدۇق.

دېسسېرنىڭ بىر كۆزى ياللۇغلىنىپ قالغانىدى. ئۇ كۆزىنى چاي بىلەن يۇدى. ئاندىن ۋېنتان خانىمنىڭ چىشىنى داۋالىدى. دېسسېرنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن چاققانىدى. ئۇ ۋېنتان خانىمنىڭ قۇرۇت يېگەن ئىككى تال چىشىنى بىردەمدە تېپىپ بولدى. تازىلاپ، قىرىپ چىقىرىپ، ئورنىنى تولۇقلاپ ئىشىنى تۈگەتتى. ۋېنتان خانىم يىغلاپ، توۋلاپ كەتتى. قارشىلىق قىلىپ تىركەشتى. دېسسېر ئۇنىڭ توۋلاشلىرىغا پىسەنت قىلمىدى. ۋېنتان ئەپەندى ئىككىمىز بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ياردەمچى بولدۇق. بۇ ھالنى باشقىلار كۆرگەن بولسا كۇلۇپ يىقىلىپ قالغان بولاتتى.

راستىنى دېسەم، بىز ھەقىقەتەن بەك ئەدەپسىز كەنمىز! ۋېنتان خانىمنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، ئۇنىڭدىن بەكرەك توۋلىغان بولاتتىم. ۋېنتان خانىم چىشىنى ”ئىككىنچى قېتىم داۋالىتىش“ ئۇچۇن دېسسېرنى يەنە ئىزدەپ يۇرمەس؟

13 ـ دېكابىر، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەن شۇ تاپتا ئىشخانىدا ئەركىن ئولتۇرۇپ ساڭا خەت يېزىۋاتىمەن. دېرىزىنىڭ قىسىلچىقىدىن ھاۋانىڭ ناھايىتى تۇتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن ھاۋانىڭ تۇتۇقلۇقى خەت يېزىشقا دەخلى قىلمايدۇ.

سىرتتىكى شەيئىلەرنى تىنچ ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىش — ئەمەلىيەتتە بىر ھۇزۇرلىنارلىق ئىش! كوچىدىكى يولۇچىلار ناھايىتى ئالدىراشتەك كۆرۈنىدۇ، پىيادىلەر پۇتلىرىنىڭ ئۇچلىرىغا قاراپ مېڭىشقان، ۋېلىسىپىتلىقلارنىڭ سۈرئىتىمۇ بەك تېز. ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ چىرايىنى كۆرەلمىدىم.

بۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كەمبەغەل، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى قاسماق، بەزىلىرىنىڭ يۈز ـ كۆزى ساپلا ماڭقا. "كەمبەغەللىك" ئۇلارنىڭ ئۇستىۋاشلىرىدىن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ماگى ئىككىمىز تونۇگۇن چۈشتىن كېيىن ئىشخانىدا يۇيۇندۇق. مەن: ناۋادا كوچىدىكى ئاشۇ بالىلارنى قارماق بىلەن بىر ـ بىرلەپ تارتىپ ئاچىقالىغان بولساق، ئۇلارنى يۇيۇندۇرۇپ، كىيىملىرىنى ياماپ، يۇيۇپ پەسكە يەنە چۈشۈرۈپ قوياتتۇق... ئۇلار ئەتە يەنە قاسمان يۈرەتتى، — شۇنداق دەپ ماگىنى كۈلدۈرۈۋەتتىم.

دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى — تىرامۋاي، پاراخوت، يامغۇر قاتارلىق نەرسىلەرنى تاماشا قىلغىلى بولاتتى. مەن يولدىن ئۆتكەن تىرامۋايلارنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاشقا بەك ئامراق ئىدىم.

مەن ھەمىشە قالايمىقان خىياللارنى قىلاتتىم.



يەھۇدىيلاردىن تارتىپ ئاشلىق، ئاشلىقتىن تارتىپ سىياسەتكىچە ئويلايتتىم.

يەھۇدىيلارنىڭ گېپىنى تىلغا ئېلىپ قالدىم. تۈنۈگۈن دېرىزە پەردىسىنى قىيا قايرىپ، كوچىدا كېتىۋاتقان ئىككى يەھۇدىينى كۆرۈپ قالدىم. قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇ شۇئان يۈرىكىمدىن ئورۇن ئالدى، ئاشۇ ئىككى يەھۇدى مېنىڭ قېرىنداشىم ئەمەسمۇ؟ مەن گويا قارا يۈزلۈك بىلەن ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىنى ئوغرىلىقچە تاماشا قىلىۋاتقاندەك بىئىختىيار چەكسىز ئازابلىنىپ كەتتىم.

يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. يولۇچىلار ئالدىراش كۈنلۈكلىرىنى ئېچىشتى. مەن ئۈيان ـ بۇيان ئەلەڭلەپ تۇرغان كۈنلۈكلەردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم.

22 ـ دېكابىر، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

خۇش خەۋەر! گېزىتتە روژدېستۋو بايرىمى ھارپىسىدا ھەربىر ئائىلىگە يېرىم قاداقتىن ئارتۇق سېرىق ماي بېرىلىدىغانلىقى دېيىلىپتۇ. بىز قاراڭغۇ بازاردىن ئالغان تۆت كىشىلىك كارتوشكىغا، مۇشۇنداق ھېسابلىساق، ھەربىرىمىز تۆتتىن بىر قاداق ئارتۇق سېرىق ماي ئالىدىكەنمىز. ۋاھ! مۆرتى كەلگەندە بولكىغا سېرىق ماي سۈركەپ يەيدىغان بولدۇق.

بۈگۈن ئەتىگەن ۋېنتان خانىم پۇتىنى قايرىۋېلىپ، كۈنبويى كارىۋاتتا ئىڭراپ ياتتى. تاماقنى ئۇنىڭغا يەدۈرۈپ قويۇشىمىزنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ھېچكىمدىن رازى بولمىدى. مەن ئۇنىڭ پاتراق ساقىيىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدىم. ئۇ ئادەتتە تېنى ساغلام، باشقىلارنى ئىشقا سالمايدىغان ئەمگەكچان ئايال ئىدى!

دېسسېر يېقىندىن بۇيان مېنىڭ بىلەن ئېتىشىدىغان بولۇپ

قالدى، گەپ قىلساملا، ماڭا قاراپ "تىش" دەيدۇ. كەچتە ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلسەممۇ "تىش" دەپ ماڭا ئارام بەرمەيدۇ.

ئۇ ئۆزىگە مۇشۇنداق قاتتىق تەلەپ قويمايدۇ! ھەر يەكشەنبە كۈنى ھەممىشە قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ چوڭ چىراغنى ياندۇرۇپ، ھەرخىل ئاۋازلارنى چىقىرىدۇ، كىشىگە ھۇجرا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تىترەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھەرىكەتنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە نەچچە قېتىم كىرىپ - چىقىدۇ. ئىشىك تىنىماي غىچىرلايدۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن باپلىدىغۇم كېلىپ كېتىدۇ. لېكىن خاتىرجەملىكنى دېسەم يەنىلا زۇۋان سۈرمىگىنىم تۈزۈك!

ئاھ، مەن ھازىر ئەقىللىق بولۇپ كەتتىم، شۇنداقمۇ؟

# 1943 - يل

## ● ئۆرۈش ئوتى

13 ـ يانۋار، چارشەنبە
قەدىرلىك چىت:
سىرتتىكى دۇنيا بارغانسېرى تېرورلۇققا تولدى. بەزى بالىلار دەرستىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ! گايىبىر ئايالار نەرسە ـ كېرەك ئالغىلى كوچىغا چىقىپ ئۆيلىرىگە كەلسە، ئائىلىسىدىكىلىرى يوق! گىستاپوچىلار ھەرخىل ئامالالارنى ئويلاپ تېپىپ، ھەممە يەردە يەھۇدىيلارنى تېنتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كىرمەيدىغان تۆشۈكى يوق!
يېقىندىن بېرى گوللاندىيىلىكلەرمۇ جىددىيلەشكىلى باشلىدى. گوللاندىيىلىك ئەرلەر بىر ـ بىرلەپ گېرمانىيىگە ئەسكەرلىككە ئەۋەتىلىۋاتىدۇ.
ھەر كۈنى ئاخشىمى يۈزچە ئايروپىلان گوللاندىيە ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۇچۇپ گېرمانىيىنى بومباردىمان قىلىۋاتىدۇ. گېرمانىيە شەھەرلىرى بومباردىماندا تۈپتۈز بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق! ھەي، سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن ئافرىقىدىمۇ مىڭلىغان ـ مىليونلىغان كىشىلەر مۇشۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتى!
پۈتكۈل دۇنيانى ئۇرۇش قاپلىدى. بۇ ئىنسانىيەتكە كەلگەن بىر بالا ـ قازا! ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇرۇش ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن ئازراقمۇ ئالا-

مەت يوق. يالاڭ كىيىنىپ كوچىلاردا دوقۇرۇپ يۈرگەن باللار ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن يەيدىغان نەرسە تىلەيدۇ.

بىزدە كۈتۈشتىن، بەختسىزلىكلەرنىڭ پاتراق ئاخىرلىشىشىنى ئۈمىد قىلماقتىن باشقا ھېچقانداق ئامال يوق. يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە ھەممە ئادەم كۈتۈۋاتىدۇ. بۇ كۈتۈشنىڭ چېكى يوق. ھالاكەت بولسا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ كەلمەكتە!

30 ـ يانۋار، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

تولا يىغلاپ قاپاقلىرىم ئىششىپ، بېشىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كېتىدۇ. ياستۇقۇم "مىچچىدە" ھۆل، ئاپام، ماگى، دېسسېر، ئەر ـ خوتۇن ۋېنتانلار ھەتتا دادام مېنى داۋاملىق ئەيىبلەيدۇ.

ئۇلار مېنىڭ مەيۈس روھىي ـ ھالىتىمنى كۆرمەيدۇ ھەم مېنىڭ تۈرلۈك دەرد ـ ئەلەملەرگە بەرداشلىق بېرىپ يۈرگەنلىكىمنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ھەمىشە مېنى جاپاغا چىدىمايدۇ، ئۇقشالمايدۇ، مىجەزى ئوسال، خاراكتېرى ناچار دېيىشىدۇ، دۇنياغا يېڭىۋاشتىن ھازىرقى "مەن"نىڭ ئەكسىچە تۆرەلسەم، ئاندىن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان ئوخشىمامدىم؟

مەن ئاپامنىڭ چىرايىغا قارىمىغىلى ئىككى كۈن بولدى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ كەتسەملا، كۆڭلۈم سەل ـ پەل ئەمىن تاپامدۇ ـ نېمە؟

5 ـ فېۋرال، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ساڭا خەت يازمىغىلى نەچچە كۈن بولدى! مۇشۇ كۈنلەردە ئۆيدىكىلەر بىلەن يەنىلا ئەپ ئەمەسمەن. پېتىر بىلەن ماگى

يېقىندىن بۇيان ئىنتايىن جىمغۇرلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ماگى، باشقىلار ئۇنى مەيلى نېمە دېسۇن، ئۇ ھەمىشە بىر ئېغىز گەپ قىلماي جىم ئولتۇرىدۇ. ماڭا ئۇ تولىمۇ بوشاڭ تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن قەيسەررەك خاراكتېرنى ياقتۇرىمەن.

تاماق ۋاقتىدا كەيپىيات داۋاملىق قاتمال، ھېلىمۇ ياخشى، ئىشخانىدىن بىرمۇنچە دوستلىرىمىز كىردى. شۇنىڭ بىلەن قات-ماللىق ۋاقتىنچە بۇزۇپ تاشلاندى.

27 - فېۋرال، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

دادام قورۇقلۇق جېڭى باشلاندى، دەپ قارايتتى.

يېقىندا ئەنگلىيە ۋەزىرى چېرچىلنىڭ ئۆپكە ياللۇغى كېسەلى بارا - بارا ساقىيىشقا باشلىدى. ھىندىستانلىق ئەركسۆيەر گەندى كۆپچىلىكنى تىنچلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە مۇراجەت قىلىپ، ئوننەچچە قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلدى.

ۋېنتان خانىم ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى، تەقدىرگە تەن بېرىپ، ھاياتىنى تەقدىرنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇپ، ھالاكەتكە يۈزلىنىشتىن ئەمدى قورقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىسا، ھەممىمىزدىن بەك قورقۇپ كېتەتتى.

يوك چېركاۋدىن بىر پارچە خەت كۆتۈرۈپ كەلدى. خەتكە باش روھانىنىڭ گوللاندىيىلىكلەرگە ئۆزىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا دېگەن سۆزلىرى يېزىلغانىكەن. باش روھانىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىكەن. لېكىن جاپا چېكىۋاتقان بىزدەكلەرگە قانداق ياردەم بېرىش تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇ:

— باتۇر بولۇڭلار، بوشاشماڭلار! يەتكۈچە ئازاب تارتىۋاتقان بارلىق گوللاندىيىلىكلەر كۈچلۈك دۈشمەنگە قوللىرىڭلارغا قورال

ئېلىپ تاقابىل تۇرۇڭلار. شۇنىڭدىلا دۆلىتىمىز، خەلقىمىز، دىنىمىز ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيدۇ! — دېگەن.

مەخپىي ئۆيدە بۇندىن نەچچە كۈن بۇرۇن چوڭ بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ بىنانىڭ ئىگىسى كوفوس ئەپەندى بىلەن گرويتېر ئەپەندىگە دەپ قويماستىن بىنانى سېتىۋېتىپتۇ. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىنانى ئالغان كىشى بىر مىمارنى باشلاپ كەپتۇ. كوفوس ئەپەندى كۆل رەڭ كىچىك ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنىڭ يېنىدا ئەمەس-لىكىنى دېگەنىكەن، بىنانى ئالغان كىشى ئارتۇق گەپ قىلماپتۇ. بىزنىڭ مەخپىي ئۆيگە ۋاقتىنچە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشىمىز يەنىلا بىخەتەر ئوخشايدۇ.

دادام ماگى ئىككىمىزنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىپ، مۇھىم مەزمۇنلارنى تەكرار قىلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە كارتوشكا بەردى. مەن ئەمدى ئوقۇپ بولغان كىتابلىرىمنى رەتكە تۇرغۇزالايدىغان بولدۇم.

ۋېنتان خانىم روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ئالدىدا بېرىلگەن سې-رىق ماي بىلەن ئېرىمچىكنى ھەربىرىمىزگە تارقىتىپ بەردى. لېكىن ئۇ ئادىل تەقسىم قىلمىدى. دادام بىلەن ئاپام بۇ ئىش تۈپەيلى ئوتتۇرىدىكى ئىناقلىققا تەسىر يەتمىسۇن، دەپ ئەتەي بىلمەس بولۇۋالدى. دادام بىلەن ئاپامنىڭ ۋېنتان خانىمنىڭ قىلىقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى كۆزۈمگە سىغمىدى. ئۇلارغا كېرەد-كى — بىردەملىك تىنچلىق ئىدى.

10 ـ مارت، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئاخشام بۇ يەردە توك توختىدى. زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈر-لەشلىرى پەقەت ئۈزۈلمىدى. بەك قورقۇنچلۇق!

ۋېنتان خانىم گەپ قىلمىۋېتىپ، توختىماي تىترەيتتى. يىغ-لاۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن قورققىنىمدىن دادامنىڭ يوتقىنىغا كى-رىپ كەتتىم. ئۇنىڭ پاتراق شام يېقىشىنى كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈندۈم. مەن ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى گۆدەكلىك قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەتتىم. لېكىن يۈرىكىم ئۇيۇپ قالغاچقا، بۇلارنى ئويلاشقا ۋاقىت يوق ئىدى.

دادامنىڭ مەن بىلەن ئازىراقمۇ كارى بولمىدى.

كۆپ ئۆتمەي، پىلىموتنىڭ ”تاتىلدىغان“ ئاۋازى كەلدى. بۇ ئاۋاز زەمبىرەكنىڭ ئاۋازىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى! بۇ چاغدا، ئاپام كارىۋاتتىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، دەرھال شامنى ياقتى. ئۇ جىددىي ھالدا دادامغا:

— ئاننى ھەر ھالدا بۇ ئۇرۇشقا كونا ئەسكەرلەردەك كۆنەل-مەيدىغۇ! — دېدى.

پەرۋەردىگارغا ھەشقاللا! شۇ تاپتىمۇ قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن!

بۇنىڭدىن نەچچە كۈن بۇرۇن بىر ئاخشىمى، ۋېنتان خانىم بىردىنلا ۋارقىراپ ئېرىنى ئويغىتىپتۇ. ئېرىگە بالكۇندا مېڭىپ يۈرگەن ئوغرىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغانلىقىنى دەپتۇ. ۋېنتان ئەپەندى ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ، ھېچقانداق نەرسىنى بايقىماپ-تۇ. ئىبلىسنىڭكىگە ئوخشاش ئاۋاز نەچچە كېچە ئاڭلىنىپتۇ. ۋېنتان ئائىلىسىدىكىلەر خاتىرجەمسىزلەندى. ئاخىرى، پېتىر كىرسىن چىراغ بىلەن بالكوندا پوستا تۇرۇش قارارىغا كەلدى.

قىياس قىلىپ باقە، قانداق بولدى؟ بۇ ”ئوغرى“ ئەسلىدە بىر توپ چاشقان بولۇپ چىقتى!

بىز ئەتىسىدىن باشلاپ موكنى بالكونغا قويۇپ بېرىپ ”مو-شۇك ـ چاشقان“ ئويۇنىنى كۆرۈپ ھوزۇرلاندۇق. چاقىرىلمىغان

بۇ مېھمانلار شۇنىڭدىن كېيىن قايتا پەيدا بولمىدى.

12 ـ مارت، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

بىز مەخپىي ئۆيگە كۆچۈپ كىرمەستە ئامبار بىلەن بالكوندا بىردىن مۈشۈك بار ئىكەن. بىز كۆچۈپ كىرىپ قارىساق، بۇ ئىككى مۈشۈك بىر ـ بىرسىنى كۆرسىلا، قاتتىق ئېلىشىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلىسىگە ئىسىم قويدۇق.

ئىسكىلاتتىكى مۈشۈك ھۇجۇم قىلىشقا ماھىر، ئۇنىڭغا"نېمىس" ياكى"باچ" (گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنىڭ نامى)، بالكونىدىكى مۈشۈك ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ھەرخىل ئاماللار بىلەن قارشىلىق بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭغا"تور" (ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ نامى) دەپ ئىسىم قويدۇق. بۇ ئىككى مۈشۈك داۋاملىق كۈچ سىنىشاتتى. بۇلار خەلقئارادىكى ئىككى چوڭ كۈچكە بەك ئوخشايتتى. كېيىن باچ تورنى قوغلىۋەتتى. بىز باچنى كۆرسەكلا ئەخمەق قىلىدىغان بولدۇق.

يېقىندا باكنىڭ «چېكىلگەن ئىشىك» ناملىق كىتابىنى يېڭىلا كۆرۈپ بولدۇم. ھېكايىلەر قالتىس ياخشى يېزىلغان، قولۇمدىن چۈشۈرگۈم كەلمىدى.

ۋېنتان ئەپەندىنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى كەيپىياتى بەك ئوساللىشىپ كەتتى. چۈنكى تاماكا بارغانسېرى ئاز قىلىۋاتاتتى.

دادام داۋاملىق چېچىنى ماڭا ئالدۇراتتى. بۇرۇن ھەمىشە قايچىنى قولىقىغا تەگكۈزۈۋېتەتتىم. ئەمدى چاچ ياساشقا ئۇستا بولۇپ كەتتىم. ئۇرۇش ئاخىرلاشسا دادامنىڭ ساتىراشخانىغا بېرىشىنىڭ ئورنى قالمايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

كىيگۈدەك ئايىغىمدىن بىر جۈپلا قالدى، مىربو بىرەر جۈپ

ئاياغنىڭ ئىپىنى قىلىپ بىرەمدۇ - بىرەلمەمدۇ، بىلمەيمەن. هازىر بىر جۈپ چىغ ئاياغنىڭ باھاسى ئالتە يېرىم فلورىن. بىر ھەپتىگە ئاران چىدايدۇ.

18 - مارت، پەيشەنبە
قەدىرلىك چىت:
تۈركىيىمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى!
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ خوش بولدۇق. يەنىمۇ يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلاشنى كۈتۈۋاتىمىز.

19 - مارت، جۈمە
قەدىرلىك چىت:
تۈركىيە ئەسلى ئۇرۇشقا قاتناشمىغانىكەن! تۈنۈگۈن تۈركىيىنىڭ بىر پارلامېنت ئەزاسى پات ئارىدا بىتەرەپ مەيدانىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقى توغرۇلۇق پىكىر بايان قىلغانىكەن. دانما (خان سارىيى ئالدىدىكى مەيدان) تىمىدىن سويۇپ ئەكىلىنگەن گېزىتكە بېزىلغان "تۈركىيە ئەنگلىيە لاگېرىغا كىردى" دېگەن يوغان ماۋزۇلۇق خەۋەر قىپقىزىل يالغانىكەن!
گېرمانىيە ھۆكۈمىتى قاراڭغۇ بازارچىلار بىلەن يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن پۇللۇق يەھۇدىيلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئالاھىدە يېڭى بىر پەرمان ئېلان قىلدى:
500 فلورىنلىق كونا فلورىن بىلەن 1000 فلورىنلىق كونا فلورىن دەرھال بىكار قىلىنىدۇ. كونا فلورىننى يېڭى فلورىنغا ئايرىۋاشلايدىغانلار ئاۋۋال كونا فلورىننىڭ كېلىش مەنبەسىنى يېزىپ ئىلتىماس سۇنىدۇ. كونا فلورىن كېلەر ھەپتىگىچە تاپشۇرۇلىدىغان باج پۇلى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.
رادىئودا گىتلىرنىڭ ياردار گېرمانىيە ئەسكەرلىرى بىلەن

قىلغان سۆھبىتى بېرىلىۋاتىدۇ. ياردار گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ يارىسىدىن شەرەپ ھېس قىلىشىۋاتىدۇ. ئارىسىدا بىرسى تېخى گېتلېر بىلەن قول ئېلىشقانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ گەپ قىلالماي قالدى. مۇستەبىتنىڭ خەلقنى نادان قالدۇرۇش تەربىيىسى نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!

## ● ئىشىك ئالدىدىكى قۇلاق

25 ـ مارت، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئاخشام سائەت سەككىزلەر ئەتراپىدا مەن، دادام، ئاپام ۋە ماگى تۆتىمىز ئۈستۈنكى قەۋەتتە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. پېتىر ھولۇققان پېتى يۈگۈرۈپ كىرىپ، دادامنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى. "چوڭ ئىسكىلاتتىكى تۇڭ ئۆرۈلۈپ كەتتى"، "بىرنەچچە ئادەم ئىشىك ئالدا تىڭتىڭلاپ يۈرۈيدۇ" دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىم. ماگىمۇ ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن جىددىيلىشىپ كەتتۇق.

پېتىرنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن دادام دەرھال ئۇنى باشلاپ ماڭدى. ماگى مۇرەمگە ئۆرۈپ ماڭا مېنى بەك جىددىيلىشىپ كەتمەسلىككە ئۈندىدى. چۈنكى ئۇ چىرايىمنىڭ توساتتىن قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

ئىككى ـ ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن ۋېنتان خانىم كىرىپ كەلدى. ئۇ بايام ئۆزىنىڭ باش مۇدىر ئىشخانىسىدا رادىئو ئاڭلىغانلىقىنى، دادامنىڭ ئۇنىڭغا رادىئونى دەرھال ئۈچۈرۈۋېتىپ، مەخپىي ئۆيگە قايتىپ كېتىشنى ئېيتقانلىقىنى، لېكىن ئۆزىنىڭ رادىئو ئالدىدىكى ئورۇندۇقنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى-

نى، بۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ئاسانلا گۇمانى قوزغىلىپ قالىدىغانلى-
قىنى ئېيتتى.

ئالاھەزەل بەش مىنۇتتىن كېيىن دادام بىلەن پېتىر يېنىپ
كىردى. ئۇلار بايام ئاستىنقى قەۋەتنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى
بىزگە دېدى. دادام بىلەن پېتىر تۆتىنچى قەۋەتتىكى ياغاچ پەلەم-
پەينىڭ يېنىدا مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئاستىنقى قەۋەتتىن خۇددى
بىرسى ئىشىكنى كۈچەپ ياپقاندەك "جاڭ" قىلغان كۈچلۈك ئاۋاز
ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار ئاياغلىرىنى سېلىپ، پايپاقچان مېڭىپ، ۋېن-
تان ئەپەندى بىلەن دېسسېرغا بالدۇرراق دەم ئېلىشنى ئۇقتۇرۇپ-
تۇ. پېتىر ھەر ئېھتىمالغا قارشى قولىغا يوغان بولقىنى ئېلىپ،
دادامنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. كېيىن ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلى-
ماپتۇ.

ئارىمىزدىكىلەر چوقۇم ئوغرى بولۇشى مۇمكىن دېيىشتى.
لېكىن يەنىلا جەزملەشتۇرەلمىدى.

سائەت ئون يېرىم بولغاندا ھېچقانداق غەيرىي ئەھۋال كۆرۈل-
مىدى. بىز نەچچىمىز ھېلىقى "ئوغرى"نى كەتكەن بولۇشى مۇم-
كىن دېيىشتۇق، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىمىز ئورنىغا چۈشتى!

بىراق، كۆپچىلىك يەنىلا تاڭ ئاتماستىن بۇرۇن سۇ ئىشلەت-
مەسلىك، ھاجەتخانىنىڭ سۈيىنى چۈشۈرمەسلىك، ئاۋارىچىلىق-
تىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى قارار قىلدى. ھەددىدىن ئارتۇق
جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، ھەممىمىزنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىپ كەت-
تى. تۈنۈگۈن كېچە بىرەرىمىزنىڭ ئۇيقۇسىمۇ ئۇيقۇ بولمىدى.
بۈگۈن قاق سەھەردە ئەرلەر چوڭ ئىشىكنىڭ ئېتىلگەن - ئېتىل-
مىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ كەت-
تى. ھەممە ئىش نورمال ئىكەن. ھەي، بىكاردىن - بىكار
قورقۇپ كېتىپتۇق!

27 ـ مارت، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

بىز تېز خاتىرىلەشكە مۇناسىۋەتلىك تۇرلۇك ئاساسىي ماھا-رەتلەرنى ئۆگىنىپ بولدۇق. ئەمدى ھەرقايسىمىز سۇرئەتنى كۆ-چەيتىشنى باشلىدۇق.

كۈنلەرنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ يېڭى دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىش، ئۆگەنگەندىمۇ ئىنتايىن ئەستايىدىل ئۆگىنىشنى نىيەت قىلدۇق. مەن ئەپسانىلەرگە قەۋەت قىزىقىپ قالدىم. بولۇپمۇ يۇنان ۋە رىم ئەپسانىلىرىگە، ئاۋۋال مۇناسىۋەت-لىك ماتېرىياللارنى يىغماقچى بولدۇم.

ۋېنتان ئەپەندى شامالداپ قالدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بۇيان يۆتەل توختىتىدىغان مايچېچەك چېيى، دورا ھاراقنى توختىماي بوينىغا سۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يورىكال دەرىخى مېيىنى بۇ-رۇن، تىل، چىش ۋە مەيدىسىگە ئالا قويماي سۈركىدى. ئۇ كۈنبويى قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ گېلى ياللۇغلىنىپ قالغانىدى. ھېچقانداق ئېغىر كېسەللىك ئالامىتى يوق ئىدى.

يېقىندا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئەربابى — رود بىر پارچە نۇتقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ:

”1 ـ ئىيۇلغىچە، ھەرقانداق بىر يەھۇدىي گېرمانىيە ئىشغا-لىيەت رايونىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. 1 ـ ئاپرېلدىن 1 ـ مايغىچە، گوللاندىيىنىڭ ۋوردىلس ئۆلكىسىدىكى بارلىق يەھۇدىيلارنى تازى-لايمىز. 1 ـ مايدىن 1 ـ ئىيۇلغىچە گوللاندىيىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ئولتۇراقلاشقان يەھۇدىيلار تا-زىلىنىدۇ“ دېدى.

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىز يەھۇدىيلارنى گويا مايقۇرتقا ئوخ-شاش پۈتكۈل رايونلار بويىچە تازىلايدىغان ئالامەت چىقىپ تۇرات-

تى. بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز خۇددى ۋابا تەگكەن ئات ـ ئۇلاغ-
لارغا ئوخشاش پاسكىنا قۇشخانىلارغا ھەيدەپ ئاپىرىلىپ قەتلى
قىلىنىدىغان بولدى. بۇ ھەقىقەتەن بىر قاباھەتلىك چۈش!

گېرمانىيە مەدىكارلارنى ئالماشتۇرۇش باشقارمىسىغا ئوت
كەتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن بىرسىنىڭ رويخەت باشقارمىسىغا
ئوت قويۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بۇ قالتىس خۇش خەۋەر ئى-
دى. گېرمانىيىلىكلەرنىڭ دەككىسىنى بۇرۇنراق بېرىپ قويۇش
كېرەك ئىدى!

1 ـ ئاپرېل، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

بۇگۈن ئالداش بايرىمى.

بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا قاراپ باقە، بىز ئۆزىمىزنى
ئەخمەق قىلىنىۋاتقان بىر توپ ئادەم دەپ ھېسابلايمىز: بىرىنچى،
بىزنى خۇشاللىقتا چۆمدۈرىدىغان كوفوس ئەپەندىنىڭ ئاشقازىنى
قاناپ كېتىپ، كارىۋاتتا ياتقىنىغا ئۈچ ھەپتە بولدى؛ ئىككىنچى،
ئەللى تارقىلىشچان زۇكام بولۇپ قالدى؛ ئۈچىنچى، فورسېن
ئەپەندى ئاشقازان يارىسى كېسىلىگە گىرىپدار بولدى. كېلەر
ھەپتە دوختۇرخانىدا يېتىپ تەكشۈرتمىسە بولمايدۇ؛ تۆتىنچى،
شىركەت يېقىندا مۇھىم سودا يىغىنى ئاچىدۇ، دادام قاتنىشالماي-
دىغان بولغاچقا، تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ. مەن تۈنۈگۈن ئەتىگەندە
دادامنىڭ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ،
ئۇنىڭغا قۇلاقنى پولغا يېقىپ يېتىش تەكلىپىنى بەردىم. مۇشۇن-
داق قىلساق، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىغىلى بو-
لاتتى.

دادام ئىنتايىن خۇش بولۇپ، پىكرىمنى دەرھال قوبۇل
قىلدى. ئەتىگەن سائەت ئون يېرىمدا ماگى دادام بىلەن بىللە

ئاستىنقى قەۋەتتىكىلەرنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىدى. بۇ ئىش ئۇ-زۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە، ئادەم بەك ھېرىپ كېتىدىكەن. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى يېرىم بولغاندا، دادامنىڭ ئورنىدا ماگى ئىككىمىز ئاڭلىدۇق. ئاڭلا - ئاڭلا، ئۇخلاپ قېلىپ، مۇھىم بىر مۇزاكىرىنى ئاڭلىيالماي قاپتىمەن. ماگى ئاستىنقى قەۋەتتى-كىلەرنى چۈچۈتىۋەتمەي دەپ، مېنى ئويغىتىۋەتمەپتۇ. ئۇ ناھايى-تى دىققەت بىلەن ئاڭلىغانىكەن. مەن ئاڭلىيالماي قالغان بولسام-مۇ، چوڭ ئىش يوق.

2 - ئاپرېل، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

مەن ئاخشام بىر ئىشنى خاتا قىلدىم.

ئۇخلاشتىن ئاۋۋال دادامنىڭ مەن بىلەن بىللە دۇئا - تىلا-ۋەت قىلىشىنى كۈتۈپ ئادەتتىكىدەك كارىۋاتتا ئولتۇردۇم. دادام كىرمەي، ئاپام كىردى. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن:

— ئاننى، بۈگۈن كەچ داداڭنىڭ ۋاقتى يوق ئىكەن، مەن سەن بىلەن بىللە دۇئا - تىلاۋەت قىلاي، بولامدۇ؟ — دېدى.

مەن ئويلىنىپ تۇرماستىن:

— ياق! بولمايدۇ! — دېدىم.

ئاپام بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كارىۋاتنىڭ يېنىدا بىردەم تۇرۇپ، ئاندىن گەپ قىلماي ئىشىك ئالدىغا باردى. ئۇ بىردىنلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە:

— مەن سەندىن كۆزمەيمەن! مۇھەببەتنى زورلىغىلى بول-مايدۇ، — دېدى.

ئاپامنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ ھۇج-رىدىن كۆڭۈلسىز چىقىپ كەتتى. مەن يەنىلا كارىۋاتتا ئولتۇرد-مەن، لېكىن كۆڭلۈم تولىمۇ پەرىشان. ئاپامغا پەقەت يۈز



كېلەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرىمەن.

ئاپام بەك يىغلاپ كەتتى. كېچە يېرىمدىن ئاشقاندىمۇ ئۇخلىيالمىدى. دادام مېنى ئاپامدىن كەچۈرۈم سوراشقا ئۈندىدى. لېكىن مەن ئۇنىمىدىم. چۈنكى مېنىڭ دېگەنلىرىم راست، ئۇ هامان بىر كۈنى چۈشىنەتتى. دادام بىلەن ئاپام مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىرىنچى قېتىم بايقىدى. مەن ئاپام ئۈچۈن ئازابلىنىمەن. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن پۇشايمان قىلمايمەن.

27 ـ ئاپرېل، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

فورسېن ئەپەندى بېرمانكا دوختۇرخانىسىدا ياتتى. كوفوس ئەپەندى كارىۋاتتىن چۈشۈپ ماڭىدىغان بولدى. كوفوس ئەپەندى ئالايىتەن كېلىپ بىزگە رويخەت باشقارمىسىغا ئوت كەتكەن چاغدىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. بىز ئۆزىمىزنى تۇتالماي چاۋاك چېلىشىپ كەتتۇق.

مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى گېرمانىيىگە قىلىنغان هاۋا هۇجۇمىنىڭ قېتىم سانى بارغانسېرى كۆپەيدى. بىز بىرەر ئاخشامنىمۇ خاتىرجەم ئۆتكۈزەلمىدۇق. كاردېن مېهمانخانىسى بومباردىماندا تۇپتۇز بولۇپ كەتتى. ئەنگلىيىنىڭ ئىككى بومباردىمانچى ئايروپىلانى گېرمانىيە ئوفىتسېرلار كۇلۇبىنى بومباردىمان قىلدى، چىنىشدون كوچىسى بىلەن كىنگېر كوچىسى كېسىشكەن تەرەپتىكى جايلار پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتتى. بۇ خەۋەرلەر هەربىر كىشىنى خۇشال قىلاتتى! ئۇدا نەچچە ئاخشام تۈزۈك ئۇخلىماي، كۆزلىرىمىزنىڭ جىيەكلىرىدە قارا داغ پەيدا بولدى.

ئوزۇق ـ تۈلۈك بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. بىز نائىلاج قاتتىق بولكا ۋە قەھۋە بىلەن ناشتا قىلىدىغان بولدۇق. ئۇدا ئىككى هەپتە كۆكتات يېدۇق. ياڭيۇنگمۇ تەمى سەل ئۆزگىرىپ

قالغانىدى. ئورۇقلىماقچى بولغان ئادەم مەخپىي ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشى كېرەك دېگىنە، شۇنداقمۇ؟
گېرمانىيە ئۈچ يىل بۇرۇن ئورۇشقا قاتناشقان پۇقرالارنى، يەنە بىر قېتىم ”گېتلىرغا سادىق بولۇش“قا سەپەرۋەر قىلدى. ئۇلار قۇرۇقلۇقتا چىققان ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە تاقابىل تۇرماقچى بولسا كېرەك!

1 - ماي، شەنبە
قەدىرلىك چىت:
بىز پاناھگاھ تاپالماي يۈرگەن باشقا يەھۇدىيلاردەك ئېغىر كۈنگە قالمىغان بولساقمۇ، لېكىن بەزىدە ھازىرقى تۇرمۇشىمىز بىلەن ئىلگىرىكى تۇرمۇشىمىزنى سېلىشتۇرىمىز.
تاماق شىرەسىگە ياپقان داستىخاننى بۇ يەرگە كۆچۈپ كىرگەندىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ داستىخان ھازىر مايلىشىپ كەتتى. مايىنى يۇيۇپمۇ چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئاسرايمىز. ئەر - خوتۇن ۋېنتانلار كارىۋىتىدىكى تىۋىت كىرلىكنى ساق بىر قىش ئىشلەتتى. نورمىلىق بېرىلگەن سوپۇن ۋە پاراشوكلارنىڭ سۈپىتى ناچار ھەم مىقدارى بەك ئاز بولغاچقا، كىرلىكنى يۇيغان بىلەنمۇ كىر پاكىز چىقمايتتى.
دادامنىڭ ئىشتىنى يىرتىلدى. گالستۇكىنىڭمۇ بىرنەچچە يېرى تېشىلىپ كەتتى: ئاپامنىڭ كىيىملىرىنىڭ يامغۇدەك ھالى قالمىدى. ماگىنىڭ يۆتكەپ كىيگۈدەك ئىككى قۇرلا ئىچ كىيىمى قالدى. پۇتكۈل قىش داۋامىدا ئاپام بىلەن ماگى ئۈچ ئاسما مايكىنى ئالماشتۇرۇپ كىيىپ يۈردى. مېنىڭ ئاسما مايكاممۇ كىندىكىمنىلا ياپاتتى.
ئويلىسام كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولىدۇ. ئىلگىرىكى تۇرمۇش كەلمەسكە كەتكەنىدى.

18 ـ ماي، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ ھاۋادا ئېلىپ بارغان شىددەتلىك ھاۋا جېڭىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئايروپىلانىغا ئوق تېگىپ ئوت كەتتى. بەش ھاۋا ئارمىيە خادىمى ئامال يوق پاراشوت بىلەن سەكرەپ ئامان قالدى.

ئاڭلىسام، شۇ چاغدا خارۋېگدا تۇرۇشلۇق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى شۇ يەردىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ يول بويىدا ئولتۇرغان كانادالىق ھەربىلەرنى كۆرۈپتۇ. ئارىسىدا بىرسى گوللاندىيە تىلىدا راۋان سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن ئوت سوراپتۇ. گوللاندىيە تىلىنى بىلىدىغان ھېلىقى ھەربىي ئۇنىڭغا ئايروپىلاندا جەمئىي ئالتە ئادەم بارلىقىنى، بىرسىنىڭ كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بىرسىنىڭ يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى دەپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا گېرمانىيە ساقچىلىرى كېلىپ تۆت ھەربىينى دەرھال تۇتۇپ كېتىپتۇ.

مەن بۇ تۆت ھەربىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم. ۋەھىمىلىك جەڭنى بېشىدىن كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق ئۇلار يەنە شۇنداق ئەركىن. بۇنىڭغا ئادەمنىڭ پەقەت ئەقلى يەتمەيدۇ!

ئاخشام زەمبىرەك ئاۋازلىرى توختىمىدى. ۋېنتان خانىم دېرىزىدىن كىرگەن بىر پارچە ئوتنى كۆرۈپ، شۇئان كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى. كەينىدىنلا خۇددى كۆيدۈرگۈچ بومبا پارتلىغاندەك غايەت كۈچلۈك بىر ئاۋاز كەلدى. مەن جىددىيلىشىپ، دەرھال دادامنىڭ كارىۋىتىغا سەكرەپ چىقىپ، يوتقىنىغا كىردۇۋالدىم. ۋېنتان خانىم ئۇستۇنكى قەۋەتنى تازا بىخەتەر ئەمەسكەن، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە دېسسېرنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دېسسېر يۇمۇرلۇق قىلىپ:
— كېلىڭ! ئوبدان قىزىم! كارىۋىتىمغا چىقىپ يوشۇرۇنۇۋېلىڭ، — دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تۇتالماستىن كۈلۈشۈپ كەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىمىزدىكى تەشۋىشلەرمۇ تارقاپ كەتتى. ئەسلىدە ياندىكى ئۆيگە ئوت كەتكەنىكەن. ھېلىمۇ ياخشى، يامراپ كەتمىدى.
گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ھەربىر گوللاندىيىلىك ئوقۇغۇچىغا مەجبۇري قول قويغۇزۇپ، گېرمانىيىنى ئېتىراپ قىلىشقا، يېڭى تەرتىپنى قوللاشقا قىستاپتۇ. قول قويمىغانلارنى گېرمانىيىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىغا ئاپىرىۋېتىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يۈزدە سەكسەن پىرسەنت ئوقۇغۇچى قول قويۇپتۇ. گېرمانىيە ھۆكۈمىتى نېمىشقا بىگۇنا ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قويۇپ بەرمەيدۇ؟
ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى. بىز ئوچاققا كۈن ئارىلاپ ئوت يېقىپ، كۆكتات شۆپۈكلىرىنى قالمۇۋېتىمىز. بولمىسا، ئىسكىلاتتىكىلەر گۇمانلىنىپ قېلىپ، ئاۋارىچىلىق تۇغۇلىدۇ.

## ● تۇغۇلغان كۈنىمدە

13 - ئىيون، يەكشەنبە
قەدىرلىك چىت:
دادام تۇغۇلغان كۈنىمگە ئاتاپ ماڭا بىر شېئىر سوۋغا قىلدى. بۇ بىر يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار مەزمۇن قىلىنغان ئاساستا يېزىلغان شېئىر بولۇپ، گېرمانىيە تىلىدا ناھايىتى ياخشى يېزىلغانىدى! ماگى بۇ شېئىرنى گوللاندىيە تىلىغا تەرجىمە

قىلىپ چىقتى. بۇ شېئىردىن ئىككىمىز تەڭ بەھرە ئالايلى.

بۇ يەردە، سەن ھەممىدىن كىچىك! لېكىن،
سەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەس.
كۈنلەر زېرىكىشلىك بولسىمۇ، بىز يەنىلا،
ساڭا ئۇستاز بولۇشقا رازىمىز. چۈنكى،
تەجرىبىلىرىمىزنى ئۆگىنىشىڭگە ئەرزىيدۇ،
بىز كۆپنى كۆرگەن ھەم سەندىن چوڭ.
بىز ھەمىشە يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى كۆرەلمەيمىز،
سېنى رەنجىتىپ قويىمىز، لېكىن،
سەن بىزگە ئىشەن، بىزنى قۇچاقلا.
بىز سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ.
ھامان سەن ئۇچۇن بەدەل تۆلەيمىز.
بىردەملىك ئازاب چەكسەكمۇ مەيلى،
تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى ئويلا،
چېنىقىش مۇتلەق زۆرۈر!
ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۆتۈپ كېتىدۇ ھامان!
سەن ئەتىدىن ـ كەچكىچە كىتاب ئوقۇيسەن، تەتقىق قىلىسەن، تۇرمۇشنى چۈشىنىش بىلەن بەند.
لېكىن بۇ ئائىلىگە، تېخىمۇ كۆپ
كۈچۈڭنى سەرپ قىلىشنى ئۇنتۇما!
ئاغرىنىشىڭنى چۈشەندۇق ۋە بىلدۇق،
تامىبىلىڭ يوق، كىيىملىرىڭ بەك كىچىك،
ئايىغىڭ يىرتىلدى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى تۈگەي دېدى. . .
قەدىرلىكىم! مۇشۇ كۈنلەرنى قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئۆتكۈزەيلى!

شېئىرنىڭ بىر بۆلىكىدە ئوزۇق ـ تۈلۈك تىلغا ئېلىنغان. ماگى تەرجىمە قىلماپتۇ. مەنمۇ قىسقارتىۋەتتىم.

مەن ھەرخىل شەكىللىك ۋە شەكىلسىز سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلدىم. مېنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلغىنى، يۇنان ۋە رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدىكى بىرنەچچە كىتاب بولدى. ھەربىر ئادەم ئۆزلىرىنىڭ ساقلاپ قويغان ياخشى نەرسىلىرىنى ماڭا سوۋغا قىلدى. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. ئۆزۈمنى مەخپىي ئۆينىڭ ئەركە بالىسىدەك بەختلىك ھېس قىلدىم!

15 ـ ئىيۇن، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

فورسىېن ئەپەندى راك كېسىلىگە گىرىپدار بولۇپ قاپتۇ. دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلغان بىلەنمۇ ساقايمايدۇ، دەپ كەسكەن يەرنى يەنە تىكىپ قويۇپتۇ. ئۇ دوختۇرخانىدا ئۈچ ھەپتە يېتىپ، ئۆيىگە يېنىپ چىقىپتۇ. ئۇنى يوقلاشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلدىمەن. ئاق كۆڭۈل، يەنە كېلىپ بىزگە دائىم ياردەم بېرىدىغان، بىختەرلىكىمىز ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىدىغان بۇنداق ئادەمنى يوقلاش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمىدى، ئويلىغانسېرى ئازابلىنىپ كېتىمەن!

كېلەر ئاي باش مۇدىر ئىشخانىسىدىكى رادىئونى تاپشۇرۇۋېتىمىز. بۇ رادىئو بىزنى تالاي خەۋەر بىلەن تەمىن ئەتكەن، بىزنى روھلاندۇرغانىدى. رادىئونى ساقلاپ قالالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن تولىمۇ ھەسرەتلەندۇق. تەلىيىمىزگە، كوفوس ئەپەندى ئۆيىگە تىقىپ قويغان كىچىك رادىئونى بىزگە ئەكىلىپ بېرىدىغان بولدى. شۇندىلا كۆڭلىمىز سەل ئەمىن تاپتى.

11 ـ ئىيۇل، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:
مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن تۈزەلمەيدىغانلىقىمنى بايقىدىم! چۈنكى ئادالەتسىز ئىشلارنى كۆرسەم چىدىمايمەن، ناھەقچىلىقنى كۆرگەندە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان مىجەزىمنى ئۆز-گەرتەلمەيدىغان ئوخشايمەن. غەرەزسىز ئېيتىلغان بىر ئېغىز گەپ تۈگىمەس ئەيىبلەشلەر بىلەن ئىزا ـ ئاھانەتكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. سەن بىلمەيسەن، مۇشۇ تۆت ھەپتىدىن بۇيان ئۇلارنىڭ سۆھبەت تېمىسى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ”دۇنيادا ئەڭ يولسىز، نە نومۇس، نە ۋىجدانى يوق قىز!“ ئۈستىدە بولىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار مېنى دەۋاتىدۇ. مەن ئاخىرى چۈشەندىم، باشقىد-لار بىلەن ئەپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئاۋۋال ”كىشىلەرگە ساختىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش“ كېرەككەن!
يېقىندىن بېرى كۆرۈش قۇۋۋىتىم بارغانسېرى ئاجىزلىد-شىپ كەتتى. تېز خاتىرىلەش مەشىقى ماڭا ناھايىتى ئېغىر كېلىد-ۋاتاتتى. بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ، مەشىقنى يەنە داۋاملاشتۇ-رۇشنى ئويلۇدۇم. بۇنىڭدا باشقا پەنلەرنى ئۆگىنىشكە ۋاقىت چىقاتتى.
ئۇلار تونۇگۇن ماڭا كۆزەينەك قىلدۇرۇپ بېرىش توغرۇلۇق سۆزلەشتى.
ئاپام كوفوس خانىمغا مېنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ، دىئاگ-نوز قويدۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. مەن ئاڭلاپ ھەم خۇش بولدۇم، ھەم قورقتۇم. چۈنكى بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، خەتەرنى مۆلچەرلەشكە توغرا كېلەتتى. مەن كىيىم ئىشكاپىنى ئاختۇرۇپ سىرتقا كىيىپ چىققىلى بولىدىغان كۆل رەڭ پىلاشنى تاپتىم. لېكىن پىلاش ماڭا بەك كىچىك كېلىپ قالدى. شۇڭا ئاپامنىڭ تەكلىپىنى ھازىرچە ئويلاشمايدىغان بولدۇق.
ماگى ئىككىمىز ئىللىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن شىركەتنىڭ

ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىشقا باشلىدۇق. بۇ يەردىكى ھەربىر ئادەم
ھېسابات ۋە كاتىپلىق ئىشلىرىنى قىلالايتتى. باشتا بۇ ئىش
بىزگە ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى. بۇ ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش بىز
ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇڭا ئىللى بىزگە ئەستايىدىل
ئۆگەتتى. بىزمۇ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۇنىڭغا ماسلاشتۇق.

مىربو خېچىرغا ئوخشايتتى. ئۇ ھەر كۈنى بىزگە نۇرغۇن
نەرسىلەرنى ئەكىلەتتى. ئۇ كۆكتات ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاچى-
لانغان خالتىنى ۋېلىسىپىتقا ئارتىپ شىركەتكە توشۇيتتى. شەنبە
كۈنى يەنە نۇرغۇن كىتابلارنى ئەكىلىپ بېرەتتى.

كىتاب بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن مۇھىم ئىدى. سىرتتىكىلەر
بۇنى ھېس قىلالمايدۇ. ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆيگە سولىنىپ
ئولتۇرىدىغان بىزدەك كىشىلەرگە كىتاب ئوقۇش، ئۆگىنىش،
رادىئو ئاڭلاش ئەڭ ياخشى كۆڭۈل ئېچىش بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئەنگلىيە ئارمىيىسى سىتسىلىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقتى. تەپ-
سىلى جەڭ ئەھۋالى بىزگە تېخى ئېنىق ئەمەس.

13 - ئىيۇل، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەن بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككى چۈشتىن كېيىن ھۆجرامدىكى
ئۈستەل ئالدىدا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلالايمەن. بۇ
مەن تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەن پۇرسەن!

تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئالدى بىلەن دادامنىڭ ماقۇللىقى-
نى ئېلىپ، ھۆجرىدىكى ئۈستەلنى مېنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە
ئىككى يېرىم كۈن ئىشلىتىشىمگە بېرىشى توغرۇلۇق دېسسېر
بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. مەن ئادەتتە دېسسېر چۈشتە ئۇخلىغان
(چۈشتىن كېيىن ئىككىدىن تۆتكىچە) ۋاقىتىدىلا ئىشلىتەلەيت-
تىم. ئۈستەل باشقا ۋاقىتلاردا بىكار بولمايتتى. بۇ ئۆيدە ماڭا

خاتىرجەم ئىشلىگۈدەك يەر تېپىلمايتتى. بىلەمسەن؟ دادامۇ دېسسېر چۈشتە ئۇخلاپ قالغان چاغدا بۇ ھۇجرىغا كىرىپ ئازراق نەرسە يازاتتى.

ئەمەلىيەتتە، دېسسېر ماڭا ئىككى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتىن بەش يېرىمغىچە ۋاقىت بەرسىلا بولاتتى.

بۇ ئىلتىماسنى ناھايىتى ئورۇنلۇق دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىمكان بار سىپلىق سۆزلىدىم.

دېسسېرنىڭ ئىلتىماسنى قىلچە ئويلانماستىن رەت قىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي:

— بولمايدۇ! مەن خىزمەت قىلىمەن! ناۋادا چۈشتىن كېيىن ئىشلىمىسەم، ئۇ چاغدا چۈشتىن ئاۋۋال قىلغان تەييارلىقلىرىم بىر تىيىن بولمامدۇ؟ سىز پەقەت ئەپسانىلەرنى كۆرىسىز، كىتاب ئوقۇيسىز، ئىستاكان قويىدىغان نەرسىلەرنى توقۇيسىز، بۇنى قانداقمۇ خىزمەت دېگىلى بولسۇن؟ بۇنداق ئىشلارغا قېتىرقىنىش كەتمەيدۇ! شۇڭا سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزغا ھازىرلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدىمۇ يول قويمايمەن! — دېدى ئۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى - دە، دەرھال جىددىي تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدىم:

— دېسسېر ئەپەندى! مەن خىزمەتنى ناھايىتى ئەستايىدىل قىلىمەن! كۆڭۈل قويۇپ خىزمەت قىلغۇدەك باشقا يەرنى تاپالمىدىم. شۇڭا مېنىڭ ئىلتىماسىمنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ بېقىڭ، — بولامدۇ؟

مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتىم.

ئۇ ماڭا ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇتىھەم ھەم غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەمدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ئىشنىڭ جەريانىنى دادامغا دەپ بەردىم. كېلەر قەدەمدە قانداق قىلىش كېرەك؟ چۈنكى مېنىڭ

بۇ پۇرسەتتىن زادىلا كەچكۈم يوق ئىدى.

دادام مېنىڭ دېسسېر بىلەن ئەتە يەنە سۆزلىشىپ بېقىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. لېكىن مېنىڭ چىدىغۇدەك يېرىم قالمىغانىدى. دېسسېر كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، كەينىدىن ھۇجرىغا بىللە كىردىم ۋە:

— دېسسېر ئەپەندى! چۈشتىن كېيىن روھىي تەييارلىقىڭىز يوق بولغاچقا، مەن دېمەكچى بولغان مۇھىم نۇقتىنى چۈشەنمەي قالدىڭىز. . . دېدىم. دېسسېر گېپىم تۈگىمەستىنلا ياسالمىلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ گېپىمنى ئۈزۈۋەتتى.

— مېنىڭ ھەرقاچان روھىي تەييارلىقىم بار. لېكىن بۇ ئىش ئالللىقاچان ھەل بولۇپ بولدى.

مەن ئاچچىقىمنى باسالماي قايناپ كەتتىم.

— سىز كۆچۈپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ بۇ ھۇجرا ئىككىمىزنىڭ تەڭ ئىشلىتىلىشىگە تەييارلانغان، ئەگەر ئۆيدىكى نەرسىلەر ئىككىمىزگە تەقسىم قىلىنسا، ئۇنداقتا سىز ئۈستەلنى چۈشتىن ئاۋۋال ئىشلەتسىڭىز، چۈشتىن كېيىن مەن ئىشلىتەمەن ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ تەلىپىم ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس، چۈشتىن كېيىن ئىشلەتسەملا بولدى! مېنىڭچە، بۇ پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق.

دېسسېر گېپىمنى ئاڭلاپ تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ھۇجرىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغاچ:

— سىزنىڭ گېپىڭىزچە مەن نەگە بېرىشىم كېرەك؟ چۈشتىن كېيىن ھاۋۇقىپ يۈرسەم بولىدىكەن - دە! ۋېنتان ئەپەندىدىن سوراپ باقاي، بالكونىنى مەخپىي ھۇجرا قىلغىلى بولامدۇ - يوق! بولسا، شۇ يەرگە كۆچۈپ چىقىپ كېتەي! ئورنىڭىزدا ئاچىڭىز ماگى بولغان بولسا، ئاللىبۇرۇن ماقۇل بولار ئىدىم، ئەمما سىز. . .

ئۇ يەنە توقۇش ۋە ئەپسانىلەرنىڭ گېپىنى تىلغا ئېلىپ مەن

قىلىدىغان «خىزمەت»نىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى! شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمىدىم. ئۇنىڭ گەپ قىلىشىغا يول قويدۇم....

— سىز بەك شەخسىيەتچى ئىكەنسىز! نېمە قىلغىڭىز كەلسە، دەرھال شۇنى قىلىدىكەنسىز. باشقىلارنى پۈتۈنلەي ئويلىمايدىكەنسىز. مەن سىزدەك بېشەم قىزنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان، بوپتۇ! سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، كىتابنى ياخشى ئوقۇماي، كېيىن مەسئۇلىيەتنى ماڭا ئارتىپ قويۇپ يۈرمەڭ!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالغۇم كېلىپ كەتتى، شۇنداق قىلسام ئۇنىڭ ئاغزى تۇۋاقلانغان بولاتتى، لېكىن ئويلىنىپ يەنىلا ئېغىر-لىق قىلىشنى خوپ كۆردۈم! بۇنداقلار بىلەن تەڭ تۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى! مەن بايىقى ئىشنى دەرھال دادامغا دېدىم. دادام دېسسېر بىلەن ئۆزى سۆزلەشمەكچى بولدى.

دادام بۇرۇن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق دېسسېر بىلەن سۆزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر كىچىك بالىغا باش ئېگىشنى لايىق تاپمىغانىدى. دادام بۇ قېتىم دېسسېرغا يۈز - خاتىرە قىلماي، مېنى قەتئىي قوللاش قارارىغا كەلدى. دېسسېر ئاخىرى يول قويدى.

مۇشۇ ئىش تۈپەيلى دېسسېر ماڭا ھېلىھەم گەپ قىلمايدۇ.

مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ئىشلىرىمنى بالدۇر تۈگەتتىم، ئۈستەلنىڭ ئالدىدىن كېتىپ تۇرۇشۇمغىلا، دېسسېر شۇئان ئۈستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ بەش يېرىمدا ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. ھەي! ئۇ كىچىك بالىغا ئوخشاش نېمىدېگەن نادان - ھە!

ئۇ ئەللىك تۆت ياشقا كىرىپ قالغان تۇرۇقلۇق يەنە شۇنداق قىتىغۇرلۇق قىلىدۇ، ئۇ بۇ مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ!

## ● ئۇغرىلار كەلدى

16 - ئىيۇل، جۈمە

قەدىرلىك چىت!

ئوغرىلا يەنە كەلدى! بۇ قېتىم راستىنلا كەلدى.

پىتىر بۇگۈن ئەتىگەن ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئىسكىلاتقا بې-رىپ، دەرھال ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى بايقىغان، ئىسكىلات بىلەن پەلەمپەينىڭ ئارىلىقىدىكى چوڭ ئىشىك يوغان ئوچۇق تۇرغان، پىت بۇ ئەھۋالنى شۇئان دادامغا ئاستا يەتكۈزگەن.

بىز ئۆتكەنكى ئۇسۇل بويىچە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆردۇق. ئىشىك چەكمىدۇق، يۇيۇنمىدۇق ھەم ھاجەتخانى-غىمۇ كىرمىدۇق. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى سەككىزدىن بۇ-رۇن قىلىپ بولدۇق.

ھېلىمۇ ياخشى، ئاخشام ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىپتىمىز، بولمىسا ئۆلگۈدەك قورقۇپ كېتەركەنمىز!

كوفوس ئەپەندى يەتتە يېرىمغا قالماي شىركەتكە كەلدى. ئۇ بىزگە شىركەتكە ئوغرى تەگكەنلىكىنى دېدى. ئوغرىلار ئاخ-شام تۆمۈر بىلەن ئىسكىلات ۋە پەلەمپەي ئارىلىقىدىكى چوڭ ئىشىكنى ئېچىپ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسە تاپالماي، نائىلاج ئۇس-تۈنكى قەۋەتكە چىققان. ئوغرىلار ئۇستۈنكى قەۋەتتىكى ئىشخانى-دىن قىرىق فلورىن نەقپۇل، بىر پارچە پېرېۋوت چېكى، بىر پارچە چەك دەپتىرى سېلىنغان ئىككى پۇل ساندۇقىنى ئوغرىلاپ كەتكەن. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئوغرىلا بىر يۈز ئەللىك كى-لوگراملىق شېكەر بېلىتىنىمۇ ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

كوفوس ئەپەندى بۇ ئوغرىلارنى بۈنىڭدىن ئۈچ يېرىم ئاي

بۇرۇن پۇل سوراپ كەلگەنلەر شۇ دەپ پەرەز قىلدى. ھېلىمۇ ياخشى، خەت ئۇرۇش ماشىنىسى ۋە نەق پۇللارنىڭ تولىسى مەخ-پىي ئۆيدىكى كىيىم ئىشكاپىدا ئىكەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بەختسىز-لىك ئىچىدىكى بەخت ئىدى.

19 ـ ئىيۇل، دۈشەنبە
قەدىرلىك چىت!
شىمالىي ئامستېردام تۈنۈگۈن بىر كۈن بومباردىمان قىلىن-دى. زىيان ناھايىتى ئېغىر بولدى. پۈتكۈل كوچىلار خارابىلىققا ئايلاندى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تاملارنىڭ ئاستىدا قالدى. بۇ كىشىلەرنى تولۇق كولاپ چىقىشقا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن.
ھازىرغا قەدەر ئۆلگەنلەر ئىككى يۈز، يارىلانغانلارنىڭ سانى يوق دەپ ئاڭلىدۇق. دوختۇرخانىلار يارىلانغانلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. خارابىلىقلاردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ يۈر-گەنلەرنىڭ ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.
بۇ پاجىئەلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ، تۈنۈگۈنكى يىراقتىن كەل-گەن ئايروپىلانلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئىختىيارسىز ئەسلىدىم. ھا-زىر گۈمبۈرلىگەن ئاۋازنى ئاڭلىسام، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شۈركۈ-نۈپ گويا بىزنىڭ ۋەيران بولغان كۈنلىرىمىزمۇ يىراق ئەمەستەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن.

23 ـ ئىيۇل، جۈمە
قەدىرلىك چىت:
شۇ تاپتا ئەركىنلىككە ئېرىشەلىسەك، دېگىنە، بىزنىڭ قىلـ-ماقچى بولغان بىرىنچى ئىشىمىز نېمە؟
ماگى بىلەن ۋېنتان ئەپەندىنىڭ ئويلىغىنى ئوخشاش. ئاۋۋال

ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇش، ئاز دېگەندە ئىسسىق سۇ قاچىلانغان ۋاننىدا يېرىم سائەت يېتىش؛ ۋېنتان خانىم بىر پارچە قايماقلىق تورتنى يېيىشنى، دېسسېر خوتۇنى روتېرىكنى كۆرۈشنى، ئاپام بىر ئىستاكان پۇراقلىق ھەم ئىسسىق قەھۋە ئىچىشنى، دادام فورسېن ئەپەندىنى يوقلاپ كېلىشنى، پېت كوچىغا چىقىپ كىنو كۆرۈشنى ئويلايدۇ. مەنچۇ؟ ماڭا بەربىر، بىراق، مەن ئاۋۋال ئۆيگە بارىمەن، ئاندىن مەكتەپنى كۆرۈپ كېلىمەن.

ئىللى ئازىراق مېۋە - چېۋە ئەكەپتۇ. باھاسى شۇنداق قىممەت! ئۈزۈمنىڭ بىر كىلوسى بەش فلورىن (بىر دوللار قىرىق سىنتقا تەڭ)، بىر قاداق كاشتان 0.7 فلورىن، بىر قاداق نەشپۈت 0.5 فلورىن، تاۋۇزنىڭ بىر كىلوسى بىر يېرىم فلورىن ئىكەن. گېزىتلەردە ھەر كۈنى "سودىدا ئادىل بولۇش! مال باھاسىنى چۈشۈرۈش" دەپ جار سېلىنغىنى بىلەن مال باھاسى يەنىلا چۈشمەيۋاتىدۇ.

26 - ئىيۇل، دۈشەنبە
قەدىرلىك چىت:

تۈنۈگۈن چۈشتىن ھازىرغىچە ھاۋا ھۇجۇم سىگنالى جەمئىي يەتتە قېتىم ياڭرىدى، ئەمەلىيەتتە تۆت قېتىم بومباردىمان قىلىندى. كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتىۋەرسە، بىز كاردىن چىقىپ كېتىمىز.

تۈنۈگۈن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ياڭرىدى. بىز ئىلگىرىكى تەجرىبىمىزگە ئاساسەن، ئايروپىلانلار دېڭىز لىنىيىسىدىن يېقىملا ئۆتۈپتۇ، دەپ بەك جىددىيلىشىپ كەتمىدۇق.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى يېرىمدا ئىككىنچى قېتىملىق سىگنال ياڭرىدى. ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتمەي ئارقا - ئارقىدىن

چۈشكەن بومبىلارنىڭ زەربىسىدىن ئۆيلەر سىلكىنىپ كەتتى. سىرتتا زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى. ماگى ئىككىمىز ئۆزىمىزنى تىك پەلەمپەينىڭ دالدىسىغا ئالدۇق. مەن ئىختىيارسىز ھالدا قولۇمدىكى بىخەتەر خالتىنى قاماللاپ تۇتۇپ سەل خاتىرجەم بولدۇم. بىزنىڭ بۇ يەردىن باشقا قاچقۇدەك يېرىمىزمۇ يوق ئىدى. يۇگورۇپ كوچىغا چىقساق، جەزمەن گىستاپوچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالاتتۇق. بۇ، ھاۋا ھۇجۇمىغا ئوخشاشلا خەتەرلىك ئىدى!

بومباردىمان قىلىش يېرىم سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن سىگنال توختىدى. بىز يەنە مەشغۇلاتىمىزنى داۋام قىلدۇق. بايام ۋېنتان ئەپەندى بىلەن پىت بالكونغا، دېسسېر ئىشخانىغا، ۋېنتان خانىم باش مۇدىر ئىشخانىسىغا يوشۇرۇنغانىدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا سىگنال يەنە ياڭراپ قىرىق بەش مىنۇتتىن كېيىن توختىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ياڭراپ كەتتى. بۇ قېتىم راستىنلا ئايروپىلانلار قارا قاغىدەك كېلىپ، يەرگە بومبىلار يامغۇردەك چۈشتى. ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى ھىبور ئايرودرومى قاتتىق بومباردىمان قىلىندى، دېدى. كەچ سائەت توققۇزدا كارىۋاتقا چىقىپ ياتقان چېغىمدىمۇ پۇتلىرىم يەنىلا تىترەيتتى!

بىز يېرىم كېچە سائەت ئون ئىككىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتۇق. سىگنال يەنە ياڭراپ كەينىدىنلا ئايروپىلانلار كېلىپ، يەنە بىر پەس بومباردىمان قىلدى. مەن قورققىنىمدىن دادامنىڭ يوتقىنىغا كىرىپ، يوتقاندىن ئۇزۇنغىچە چىقمىدىم.

مەن بۈگۈن ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دادامنىڭ ۋېنتان ئەپەندى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئوغرىلار يەنە كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

ئۇلار ماڭا كاتتا بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. ”موسسولىن

ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. ئىتالىيە پادىشاھى ھاكىمىيەتنى يې-
ڭىۋاشتىن قولىغا ئاپتۇ". نېمىدېگەن بەلەن ئىش بۇ!

گىرويتىر ئەپەندىمۇ كەلدى. ئۇ ئاخشام گېرمانىيە كۆرەش-
چى ئايروپىلانلىرىغا ئەجەللىك تالاپەت يەتكەنلىكىنى دېدى.

يەنە بىر قېتىم ھاۋا ھۇجۇمى بولدى ۋە بىر قېتىم ئاگاھلان-
دۇرۇش سىگنالى ياڭرىدى.

29 - ئىيۇل، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دېسسېر ماگى ئىككىمىزگە «ھىنرى بىلەن ئارتور» دېگەن
كىتابنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ كىتابنىڭ ناھايىتى ياخشى يېزىلغانلى-
قىنى ئېيتتى. ماگى ئىككىمىز بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ،
كىتابتىكى ئوغۇل بالىنىڭ خاراكتېرى يامان ئەمەس تەسۋىرلەن-
گەندىن باشقا، ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق كىتاب ئىكەنلىكىنى
بايقىدۇق.

كەچلىك تاماق ئېتىش نۆۋىتى دېسسېر، ۋېنتان خانىم ئۇ-
چىمىزگە كەلگەندى. مەن ئۇلارنىڭ مېنى گەپتە چېقىۋالماسلىقى
ئۈچۈن گەپنى بۇراش مەقسىتىدە گەپكە مۇناسىۋەتسىز تېمىدىن
سۆز ئېچىپ «ھېنرى بىلەن ئارتور»غا بولغان كۆزقارىشىمنى
ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۆزۈمگە يەنىلا ئاۋارىچىلىق تېپىۋالىدىغان-
لىقىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

دېسسېر:

— سىز مۇشتەك تۇرۇپ ئەرلەرنىلا سۆكۈشنى بىلىسىز،
سىز ئۆزىڭىزنى ئەرلەرنىڭ پسىخىكىسىنى بىلىدىغان چاغلامسىز؟
ئۇ كىتابنى سىزگە تونۇشتۇرغانلىقىمغا ھەقىقەتەن پۇشايمان قى-
لىمەن! — دېدى.

ۋېنتان خانىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال گەپكە قوشۇق سې-

لىپ:

— مۇشۇ يېشىڭدا چوڭلارنىڭ ئىشىنى بىلمەكچى بولساڭ، خاتا قاراشلارنىڭ كاللاڭدا يىلتىز تارتىپ قېلىشىدىن ھېزى بول. كەلگۈسىدە ھەرقانداق گۈزەل ئىشلاردىن بەھرىمەن بولالمايسەن! كىتابنى كۆپ ئوقۇسا، نەزەرىيىۋى بىلىمى تولىمۇ مول بولىدۇ، لېكىن تۇرمۇش تەجرىبىسى جەھەتتە نامرات بولىدۇ، بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس! — دېدى.

ھەمىشە بىرلىشىپ مېنى ئەدەپلىمەسلىكى ئۇچۇن ئىككىسى-نىڭ كاچىتىغا كېلىشتۇرۇپ سالغۇم كېلىپ كەتتى. ئۇلار قور-سىقىدىكى ئاشۇ تايىنى يوق ئۇماچ بىلەن ماڭا كىشىلىك تۇرمۇش يولۇمنى كۆرسىتىپ بېرەلەمدۇ؟

مەن ۋېنتان خانىم توغرۇلۇقلا نەچچە پارچە ماقالە يېزىۋېتە-لەيمەن. ئۇ شەخسىيەتچى، ھىيلىگەر، بەدنىيەت، مەنمەنچى ۋە ئىنساپسىز. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنى غىلجىڭ ۋە شۆھرەتپەس دېگەن ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنمۇ سۈپەتلىگىلى بولىدۇ. ئاپام ۋېنتان خانىمنىڭ كاللىسى ئاددى، قۇرۇق گەپ قىلىشقا ئامراق، دەي-دۇ، دادام ئۇنى سەت دەپ ھېسابلايدۇ، ماگىمۇ ئۇنى تېتىقسىز ئايال دەيدۇ. مەن ئۇنى تاشقى كۆرۈنۈشى گۈزەل بولغىنى بىلەن ماختىغۇدەك يېرى يوق، دەپ قارايمەن. ئۇ توغرۇلۇق مۇشۇنداق يېزىۋاتقان بولسامىمۇ ئاچچىقىم تېخى بېسىلمىدى.

3 - ئاۋغۇست، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي، ئىتالىيە فاشىست پارتىيىسى ئاخىرى پارچىلىنىپ كەتتى! ئىتالىيە پۇقرالىرى بىلەن ھەربىلە-رى فاشىستلىق پارتىيىنى تازىلايدىغان بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. بۇنداق دۆلەت ئەنگلىيە بىلەن قانداق قارشىلىشالى-

سۇن؟
بۈگۈنكى ئۈچىنچى قېتىملىق ھاۋا ھۇجۇمى ھېلىراق تۈگىدى.
ۋېنتان خانىم:
— ئۇرۇشنى تېرورلۇق ئۇسۇل بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئاخىرلاشتۇرمىغاندىن ياخشىكەن! — دېدى.
بۇ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان گەپ ئىدى! ۋېنتان خانىم ئارىمىزدىكى ئەڭ قورقۇنچاقلارنىڭ بىرسى، ئەتىگەن ئۇ زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازىدىن قورقۇپ يىغلاپ تاشلىدى.
ئاسلان موكقا يامان بولدى، ئۇنىڭ تېرە كېسەللى بارغانسېرى يامانلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيلەرنى پىت بېسىپ كەتتى. كوفوس ئەپەندى بۇلۇڭلارغا سېرىق پاراشوك چېچىۋەتتى. لېكىن پىت يەنىلا كۆپ ئىدى. تېرىلىرىمىزنىڭ سەزگۈرلۈكى ئېشىپ، بەدەنلىرىمىز ھەرۋاقىت قىچىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى.

## ● مەخپىي ئۆيدىكى بىر كۈن

4 ـ ئاۋغۇست، چارشەنبە
قەدىرلىك چىت:
مەخپىي ئۆيگە كۆچۈپ كەلگىنىمىزگە بىر يىلدىن ئاشتى. مەخپىي ئۆيدە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىغان بولساڭمۇ، بىر كۈنلۈك تۇرمۇشىمىزنىڭ تەپسىلاتى ساڭا يەنىلا قاراڭغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ساڭا بۇرۇنلا دەپ بەرمەكچى بولغانىدىم. مۇنداق قىلايلى! بۈگۈن ئاخشام يۈز بەرگەن چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى ساڭا دەپ بېرەي.



مەخپىي ئۆيدىكىلەر ھەركۈنى ئاخشىمى سائەت توققۇز يېرىم بولغاندا ئۇخلاشقا ”تەرەددۇت“لىنىدۇ. شۇڭا، بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

مەن سافانى ئاچتىم (ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر كەلمەيدـ تى)، سافانىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئورۇندۇقنى تاقاپ قويدۇم. توخۇ پېيىدىن ياسالغان قاققۇچ بىلەن سافانى قاقتىم، ئاندىن كېيىن دېسسېرنىڭ كارىۋىتىدىكى ياستۇق، كىرلىك ۋە ئەديالنى سافاغا سېلىپ، ئورنۇمنى تەييار قىلدىم. ياندىكى ھۇجرىدا ماگى قاتلىـ نىدىغان سەپەر كارىۋىتىنى ئېچىپ، سافا، ياستۇقنى قويۇپ، كارىۋىتىغا ئەديالنى سېلىپ بولغاندى. ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ۋېنتان خانىم كارىۋىتىنى دېرىزە تۈۋىگە يۆتكىگەندى؛ ئۇ كېچىدە ساپ ھاۋادىن ئازىراق نەپەسلىنەتتى. ئورۇنلىرىمىزنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن نۆۋەت بىلەن ھاجەتخانىغا كىرىمىز، كەچ ساـ ئەت دەل ئوندا چىراغ ئۆچۈرۈلىدۇ. بىراق، دېسسېر ئىككىنچى قەۋەتتىكى كلون شىركىتىنىڭ دىرېكتور ئىشخانىسىدا سائەت ئونبىر يېرىمغىچە ئىشلەپ، ئاندىن ھۇجرىسىغا يېنىپ كىرىپ ياتىدۇ.

كەچتە، ھاجەتخانىدىن بەزىدە ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس ئاۋازلار كېلىدۇ. ھەركۈنى يېرىم كېچىدىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئورنۇمـ دىن تۇرۇپ، سافانىڭ ئاستىدىن قەلەي قۇتىنى ئېلىپ (سۈيى ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاستى تەرىپىگە رېزىنكە كەپلەپ قوـ يۇلغان) ھاجەتخانىغا چىقىمەن. رېزىنكىنى تارتىۋاتسام، قۇتىدىن سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ پەسكە چۈشىدۇ، بۇ چاغدا جىددىيلىشىپ ھەم قورۇلۇپ كېتىمەن. سۇ تۈگىگەن ھامان دەرھال كىرىپ يېتىۋالىمەن.

مەن تۈن يېرىمىدا كارىۋاتتا يېتىپ خىلمۇ خىل ئاۋازلارنى ئاڭلايمەن. دېسسېر قاتتىق خورەك تارتىدۇ. خۇددى نەپەس ئېلىدـ

ۋاتقان يوغان بېلىقتەك. بەزىدە ئۇياق ـ بۇياققا توختىماي ئۆرۈ-لىدۇ.

زەمبىرەك ئاۋازلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشتىن بەك قورقىمەن. بۇ ھالىتىمنى ماگى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئاتاپ شېئىردا مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى:

جىمجىت كېچىدە زەمبىرەكلەر بىردىنلا گۈمبۈرلىدى،
تىش! قارا، ئىشىك ”جالاقىدە“ ئېچىلىپ كەتتى.
بىر قىز تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ،
ياستۇقىنى قۇچاقلىغان پېتى دادىسىنىڭ يوتقىنىغا كىرىپ كەت-تى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەن-دە، ۋېنتان ئەپەندىنىڭ سائىتى داڭ ئۇردى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ ھاجەتخانىغا كىردى. يەتتىدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە بىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. مەخپىي ئۆيدە يېڭى بىر كۈن يەنە باشلىنىدۇ.

5 ـ ئاۋغۇست، پەيشەنبە
قەدىرلىك چىت:
ئەمدى بىزنىڭ چۈشلۈك تاماقنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ باق!

كۈندۈزى سائەت ئون ئىككى يېرىم بولغاندا ئىسكىلاتتىكىلەر تاماققا قايتىدۇ. مەخپىي ئۆيدىكى جىددىيلىكمۇ پەسىيىشكە باش-لايدۇ. بۇ چاغدا ۋېنتان خانىم چاڭ سۈمۈرگۈچ بىلەن ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى گىلەمنى تازىلايدۇ، ئاندىن ئاپام بىلەن تاماققا تۇرىدۇ. ماگى قولىغا كىتاب ئېلىپ، گوللاندىيە تىلىنى مەشىق قىلىدۇ.

دادام دېككىنسىنىڭ ھېكايىلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كىرىد-
شىپ كېتىدۇ. مەن ھاجەتخانىنى تازىلاپ، چاچلىرىمنى تارىۋالد-
مەن.

سائەت ئون ئىككىدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە، مېھماند-
خانا ئادەم بىلەن لىق تولىدۇ. ئىللى، يوك، كوفوس ئەپەندى
(بەزىدە گىرويتېر ئەپەندى كېلىدۇ) مىربومۇ ھازىر بولىدۇ.
سائەت بىردە كىچىك رادىئونى مېھمانخانىغا ئەكىرىپ، ئەنگلىيە
رادىئو شىركىتىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلايمىز. بۇ ۋاقىتتا ھېچقاي-
سىمىز بىر - بىرىمىزگە تەسىر يەتكۈزمەيمىز. سائەت بىردىن
ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە تاماق يەيمىز.

چۈشلۈك تامىقىمىز بەك ئاددى. ئاساسەن شورپا ئىچىمىز،
بەزىدە ئازىراق بولكا ۋە تورتلا بولىدۇ. كوفوس ئەپەندى تاماق
ۋاقتىدا يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىزگە دەپ بېرىدۇ.

سائەت بىردىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە چۈشلۈك تاماقنى
يەپ بولىمىز. ئاپام بىلەن ماگى قاچا - قۇچا يۇيۇشقا مەسئۇل.
ئەر - خوتۇن ۋېنتانلار دەم ئالغىلى ئۈستۈنكى قەۋەتكە، پىت
بالكونغا چىقىپ كېتىدۇ. دادام دېككىنسىنىڭ ھېكايىلىرىنى ئو-
قۇيدۇ. دېسسېر ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلايدۇ. مەنمۇ ئىشلەي-
مەن، سائەت تۆتكىچە ئىشلەپ ئورۇننى دېسسېرغا بېرىمەن.

9 - ئاۋغۇست، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئەمدى بىزنىڭ كەچلىك تامىقىمىزنى كۆرۈپ باق! مەن
گەپنى ئاۋۋال ۋېنتان ئەپەندىدىن باشلايمەن.

ئۇ ھەممىشە داستىخانغا بىرىنچى بولۇپ قول ئۇزىتىدۇ.
ياخشى كۆرىدىغان قورۇمىلارنى قاچىسىغا سېلىۋالىدۇ. ئاندىن
كېيىن پاراڭنى دۈڭ سوقۇپ يېيىشكە باشلايدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ

ئۆزىدىن گەپ سورىشىغا يول قويمايدۇ، بولمىسا ئۇنىڭ تۈرۈلگەن چىرايىدىن ”غىققىدە“ بولۇپ قالىسەن. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى ھەممىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

ۋېنتان خانىمۇ ئېرىگە ئوخشاش ھېچكىمنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا شۈك ئولتۇرىمەن، بولمىسا، ئۇنىڭ بىلەن گەپ تەگىشىپ قالىمەن. ئۇ ھەمىشە ئۆزى ئامراق يېمەكلىكنى ئاغزىغا جىق سېلىۋېلىپ، ئاندىن ياخشىراق يېمەكلىكنىڭ يوقلۇقىدىن ۋايسايدۇ. ئۇ كۈلۈمسىرەشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىگە ھەرۋاقىت نەسىھەت قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ. ئۇ، مۇشۇنداق قىلسام كۆپچىلىك ماڭا ھەۋەس قىلىدۇ، دەپ ئويلايدىكەن. كۆرۈنۈشتە ئۇ ھەقىقەتەن ئەمگەكچان، شاد، سىرتقى قىياپىتى جەلىپكارانە ئايال.

پىتىر جىمغۇر، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايدۇ، ئازىراق يەپلا قورسىقىم تويدى دەيدۇ.

ماگى كەرەپشىگە ئامراق، مېۋە ـ چېۋە ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئازىراق يەيدۇ. ۋېنتان ئەپەندى ئۇنى دادىسى يامان ئۆگىتىپ قويغان، دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ ھەرىكەت ۋە يېڭى ھاۋانىڭ كەملىكىدىن بولغان.

ئاپامنىڭ ئاشقازىنى بەك ساز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ گەپ قىلىشقا خۇشتار. ئاپام مۇشۇ مىجەزى بىلەن ۋېنتان خانىمغا پەقەت ئوخشىمايدۇ. ئاپام قاچا ـ قۇچا يۇيۇش، ئۆي بېسىقتۇرۇشقا، ۋېنتان خانىم تاماق ئېتىشكە ئۇستا.

دادام ئارىمىزدىكى ئەڭ خۇشخۇي ئادەم. ئۇ ھەمىشە باشقىلارنىڭ تويغان ـ تويمىغانلىقىغا قاراپ بېقىپ، ئاندىن ئۆزىنى ئويلايدۇ، ياخشى يېمەكلىكلەرنى باللارغا ئىلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۈلگىمىز.

ماڭا كەلسەك، مەن مەخپىي ئۆيدە ”ئالدىراڭغۇ“ دەپ نام ئالغان قىزچاق. بۇ يەردە كۆپ سۆزلىمەيمەن.

دېسسېر تاماق يېگەن چاغدا بېشىنى كۆتۈرمەيدۇ، گەپ قىلمايدۇ، جىق يەيدۇ. تاماق تاللىمايدۇ. ئۇ دائىم كۆزەينەك تاقاپ، ئۇچىسىغا قىزىل چاپان، پۇتىغا قارا ئاياغ كىيىپ يۈرۈيدۇ، ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ بېلىگە چىقىرىۋالىدۇ، ئۇخلىغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا كۈنبويى ئولتۇرۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جاي ھاجەتخانا، بىر كۈندە ئاز دېگەندە تۆت - بەش قېتىم ھاجەتخانىغا كىرىدۇ. ھەربىر كىرگەندە ئون بەش مىنۇت ياكى يېرىم سائەت ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنى ھېچكىم چاقىرىپمۇ ئورنىدىن تۇرغۇزالمايدۇ.

يەنە بىر ئادەم بار. ئۇ ئىللى، ئۇ گەرچە مەخپىي ئۆينىڭ ئادىمى بولمىسىمۇ، داۋاملىق بىز بىلەن تاماقتا بىللە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاشقازىنى ئوبدان. ئۇ ھەم تاماق تاللىمايدۇ. ئۇ خۇشخۇي، مۇلايىم، چىقىشقاق، چاققان ۋە بىزگە ھەمىشە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم.

10 - ئاۋغۇست، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەن بىرىنچىدىن، ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋالماي، ئىككىنچىدىن، مېنىڭدەك ئەقىللىق باللارنىڭ تايىنى يوق ”قۇرۇق پاراڭ“لارنى ئازىراق ئاڭلىغىنى ياخشى دەپ تاماق ۋاقتىدا گەپ قىلمايمەن! قورسىقىم تېزرەك تويسا، ئاچ قالمىسام‌لا بولدى. ھەي! ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇش ماڭا شۇنداق ئېغىر كېلىدۇ، ئېغىناپ بىر ئاز يېتىۋالغۇم بولسىمۇ، ھەرخىل ئامالالار بىلەن بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش زۆرۈر. ئاپام بۇنى ”تۇرمۇش سەنئىتى“ دېدى.

ئۇلار نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا سائەتتىكى ۋاقىتنى مەلۇم قىلىدىغان قۇشنى ئىلىۋەتتى. ۋاقىتنى ئېنىق مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان ئاۋازنى ئاڭلىمىغىنىمىزغا نەچچە كۈن بولدى. مەن بۇنىڭغا تازا كۆنۈپ كېتەلمىدىم. ئۇلار قۇشنىڭ ئورنىغا باشقا بىر نەرسىنى سېلىپ قويامدۇ ـ يوق، بىلمەيمەن.

مىربو ماڭا سۇس جىگەررەڭ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ سوۋغا قىلدى. قوي تېرىسىدە تىكىلگەن بۇ كونا ئاياغنى ئۇ يىگىرمە يەتتە يېرىم فلورىنغا ئاپتۇ! بۇ ئاياغنى ھەممىسى ھەۋەس بىلەن كۆردى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا دىيسىر مىربوغا چەكلەنگەن بىر كىتاب ئالغاچ كېلىشنى ئېيتقانىدى. دىيسىرنىڭ دېگىنى گېتلېر بىلەن موسسولىنىنى تەنقىد قىلغان كىتاب ئىدى. مىربو يولدا ساقچىلارنىڭ چارلاش ماشىنىسىغا ئۇچراپ قاپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ ۋېلىسىپىتلىق تېز كېتىپ قاپتۇ. بولمىسا، ئۇنى تۇتۇپ ساقچىغا ئەكەتسە، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

18 ـ ئاۋغۇست، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

پىتىر موكنىڭ پىت ـ بۇرگىسىنى ئادالاۋاتىدۇ، قالغانلىرىمىز ياڭيۇ ئاقلاۋاتىمىز. ھەممىمىز بىرلىكتە ياڭيۇ ئاقلاش — مەخپىي ئۆيدىكىلەرنىڭ كۈندە قىلمىسا بولمايدىغان خىزمىتى ئىدى.

ۋېنتان خانىم ياڭيۇ ئاقلىغاچ، دىيسىرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىشقا ئۇرۇناتتى. لېكىن دىيسىر بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمايتتى. ئۇ نائىلاج ۋېنتان ئەپەندىنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى. ۋېنتان ئەپەندىمۇ پەرۋا قىلمىدى. ئۇ سەۋرسىزلىك بىلەن گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراپ:

قەدىرلىكىم، ئەنگلىيە ئارمىيىسى بومباردىمان قىلمايدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ — دېدى.

— ھاۋا ياخشى ئەمەس!

— تۈنۈگۈن ھاۋا بەك ياخشى ئىدى، شۇنداقتىمۇ بومباردىمان قىلمىدى؟

— بىردەم تىنچراق ئولتۇرالامسەن؟

— مېنى سەنلا مۇشۇنداق دەيسەن! فرانك ئەپەندى خانىمىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدۇ!

— ئاغزىڭنى يۇم! — ۋېنتان ئەپەندى ۋارقىراپ ئۇنىڭغا زەھەردەك تەگدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى سوقۇشۇپ كەتتى. بۇنداق ئىش، بۇنداق سۆھبەت ھەر كۈنى نەچچە قېتىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. بىز ھەمىشە توختىماي كۈلۈپ كېتەتتۇق!

20 ـ ئاۋغۇست، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ئىسكىلاتتىكىلەر چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە كېتىدۇ. بىز شۇندىلا ئەركىن بولىمىز.

ئىللى ھەر قېتىم ھەممىسى كەتكەندىن كېيىن، بىزگە مەشغۇلات قىلساق بولىدىغانلىقىمىزنى دەيدۇ. مەن ئاۋۋال ياردەم كېرەكمۇ يوق، دەپ ئاشخانىغا كىرىمەن، ئاندىن باش مۇدىر ئىشخانىسىغا قاراپ باقىمەن. مەن قىلغۇدەك ئىش بولمىسا، پارخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، موكنى سىرتقا قويۇپ بېرىمەن. كلون شىركىتىنىڭ دىرېكتور ئىشخانىسىنى ئايلىنىۋېتىپ، ھۇجرامغا كىرىپ كېتىمەن.

پېتىر ئىسكىلاتنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، باچنى قوغلاپ يۈرىدى. ۋېنتان ئەپەندى شۇ كۈنكى پوچتا يوللانمىلىرىنى كۆرگىلى

ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. دادام خەت ئۇرۇش ماشىنىسىنى مەخپىي ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى. ماگى خاتىرجەمرەك جايىنى تې-پىپ ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولدى. ۋېنتان خانىم سۇ قايىنىتىۋاتات-تى. ئاپام ياڭيۇلارنى ئاشخانا ئۆيگە توشۇۋاتاتتى. ھەركىمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئىشى بار ئىدى. بىز پەقەت كەچلىك تاماقتىلا جەم بولالايتتۇق.

23 ـ ئاۋغۇست، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دولاۋس شىركىتىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈمىدىكىلەر ئەتىگەن سائەت سەككىز يېرىمدا ئىشقا چۈشىدۇ. ۋېنتان ئەپەندى سەك-كىزدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى پولنى ئاستا ئۇچ قېتىم ئۇرۇپ بىزنى ئەسكەرتىپ قويىدۇ. شۇ ۋاقىت-تىن تارتىپ بىزنىڭ پۈتكۈل مەشغۇلاتىمىز توختايدۇ. سۇ ئىشلە-تىش، ھاجەتخانىغا كىرىش، ئۇيان ـ بۇيان مېڭىش مەنئىي قىلىنىدۇ. تىۋىش چىقىرىشقا بولمايدۇ. تىۋىشنى ئىسكىلاتتىكى-لەر ئاڭلاپ قالسا، چاتاق بولىدۇ. شىركەتتىكىلەر ئىشتىن چۈش-كىچە بىز كىتاب ئوقۇيمىز ياكى جىم ئولتۇرۇپ ئىش قىلىمىز.

دادام قولىغا لۇغەت ئېلىپ، دىككىنسىنىڭ ھېكايىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئوقۇپ قىزىقارلىق ۋەقەلىك يېزىلغان يېرىگە كەلگەندە مېيىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ. ئۇ پات ـ پاتلا ئاپامنى بىر ئابزاسنى ئوقۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئاپام كىيىم يامىغاچ ماگى بىلەن پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ پاراڭنى ئاڭلاپ بىر چەتتە ئولتۇرىمەن. بەزىدە دادام بىللە مۇھاكىمىگە چۈشۈپ كېتىمەن.

10 - سېنتەبىر، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

بىز 8 - سېنتەبىر كۈنى كەچتە سائەت يەتتىدە بىرلىنىدىغان خەۋەرنى ئاڭلىدۇق.

"بىز سىزگە ئۇرۇش پارتلىغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى خەۋەرنى دەپ بېرىمىز، ئىتالىيە شەرتسىز تەسلىم بولدى!"

سائەت سەككىزدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە بۇ خوش خەۋەرنى ئەنگلىيە رادىئوسىمۇ ئاڭلاتتى ھەم ئامېرىكا دۆلەت شېئىرىنى يۇقىرى ئاۋازدا بەردى.

بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا خەۋەر ئىدى. لېكىن بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، ۋەزىيەت قىلچە ئۆزگەرمىگەن. يۇزلىنىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرسىمۇ ئازايمىغانىدى. قەدىرلىك كوفوس ئەپەندى يېقىندا ئوپېراتسىيە بىلەن تۆت ھەپتە دوختۇرخانىدا ياتتى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىدىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. كۆپرەك بىر نەرسە يېسە، كۆپرەك ماڭسا بولمايتتى. لېكىن ئۇ خۇشخۇي يۈرەتتى. باشقىلارغا قىزغىن ياردەم بېرەتتى. قارىغىنە، ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىشتىن ئاۋۋال بىزنىڭ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشىمىزغا ياردەم قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىزدىن شۇنچىلىك ئايرىلغۇسى يوقلۇقىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ!

## ۋىرئېن گۇمانلاندى

16 - سېنتەبىر، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئىسكىلاتتا ئىشلەيدىغان ۋىرئېندا "مەخپىي ئۆي"گە قارىتا گۇمان تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن!

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا چۈش سائەت ئون ئىككىدىن ئەللىك مىنۇت ئۆتكەندە گىرويتىر ئەپەندى بۇرۇنقىدەك ئىشتىن چۈشكەن بولۇپ، دوقمۇشتىكى دورا دوكىنىنى ئېھتىيات بىلەن ئايلىنىپ مەخپىي ئۆيگە قايتتى. گىرويتىر ئەپەندى بىردىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە مەخپىي ئۆيدىن چىقىپ، نىقاپلىق ئىشىكنى يېپىپ كەيىنىگە ئۆرۈلۈشىگە، ئىللى كېلىپ قالغان.

ئىللى ھولۇققان ھالدا:

— ۋىرئېن قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ تاپتا ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدىغۇ دەيمەن، — دېگەن.

گىرويتىر ئەپەندى دەرھال بىزگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئۆزى ئامبار بىلەن بالكونغا تۇتاشقان ھېلىقى تار ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈندۇ. سائەت بىر يېرىم بولغاندا، ئۇ ئايىقىنى سېلىپ، ياغاچ پەلەمپەيدىن پايپاقچان چۈشۈپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى كلون شىركىتىنىڭ دىرېكتور ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. ياغاچ پەلەمپەينىڭ يېنىدىن ئۆتكەن بىرسى ئۇنى يالاڭ ئاياغ كۆرۈپ قالسا، ئىچىدە قانداق ئويلىغان بولاتتى ـ ھە!

ئىللى قايتىپ ئىشخانىدا ئۇزۇن ئولتۇرغاندىن كېيىن ۋىرئېن كېتىدۇ.

بىز ئىللىدىن ۋىرئېننىڭ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئاندىن خاتىرجەم بولدۇق.

29 ـ سېنتەبىر، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

بۈگۈن ۋېنتان خانىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. بىز ئۇنىڭغا ئائىلە بويىچە ۋارىنا، پىشلاق، چوشقا گۆشى ۋە بىر پارچە بولكا



بىلىنتى سوۋغا قىلدۇق؛ ۋېنتان ئەپەندى، دېسسېر ۋە باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا گۈل ۋە يېمەكلىك سوۋغا قىلدى.

ئىللى بۇ ھەپتە بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. داۋاملىق نەرسە - كېرەك ئالغىلى سىرتقا چىقاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يۇتىنى قايرىۋالغانىدى. كوفوس ئەپەندى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان، مىربو زۇكام بولۇپ قېلىپ، رۇخسەت سورىغانىدى. شىركەتنىڭ ئىشلىرى كۆپ ئىدى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ھېسسىيات ئىشى بىلەن بىئارام بولاتتى. ئۆيدە راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان دادىسى بار ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن چارچاپ كەتكەنىدى! بىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشاتتۇق ھەم نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش قېتىم سانىنى ئازايتاتتۇق.

17 - ئۆكتەبىر، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

پەرۋەردىگارغا شۈكرى! كوفوس ئەپەندى ئاخىرى دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپلا ۋېنتان خانىمنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سېتىشقا ياردەملەشتى.

ۋېنتانلارنىڭ پۇلى تۈگىگەنىدى. شۇڭا ۋېنتان خانىم ئۆزىنىڭ قاما پەلتۇسىنى سېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئىچى بەك ئېچىشتى. بىراق، ئەرلەرنىڭ كىيىملىرىنى ساتماق تەس ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇرۇش قاچان ئاخىرلىشىدۇ، ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ رەھىمسىز رېئاللىققا يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداقتىمۇ ئەر - خوتۇن ۋېنتان مۇشۇ ئىش تۈپەيلى قاتتىق سوقۇشۇپ كەتتى.

يېقىندىن بۇيان مەخپىي ئۆيدە ئۇرۇش - تالاش ئاۋۇپ قالدى. ھاۋادىن ھەمىشە پورۇخ ھىدى كېلەتتى. مۇشۇنداق چاغدا

ئەڭ ياخشىسى كىتاب ئوقۇش كېرەك ئىدى. ھەي، مەن مۇشۇ كەچكىچە نۇرغۇن كىتاب ئوقۇپ بولدۇم.

29 - ئۆكتەبىر، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ۋېنتان خانىمنىڭ قاما پەلتۇسى 325 فلورىنغا سېتىلدى. ئۇ بۇ پۇلنى تىجەپ ئىشلىتىپ، ئۇرۇش بالدۇرراق توگىسە، ئاشقان پۇلغا يېڭى كىيىم ئالماقچى بولدى، لېكىن ۋېنتان ئەپەندى جىددىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئۇنىڭغا دەپ قويماي پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى خەجلەپ قويغاچقا، ۋېنتان خانىم خاپا بولۇپ ھۇجرىسىدا يىغلاپ - ۋارقىراپ، ئېرىنى تىللاپ كەتتى. بۇ مەنزىرىنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن.

بىز ئاستىنقى قەۋەتتە ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىۋاتاتتۇق. ناۋادا جېدەل چوڭىيىپ كەتسە، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويماقچى بولدۇق. كوفوس ئەپەندى بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئاشقازىنى ئاغرىپ كەتتى - دە، نائىلاج كېتىپ قالدى.

مەن ئاڭلىغانسېرى ئازابلىنىپ ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلىۋەتتىم. سىرتقا چىقىپ سەكرىگۈم، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغۇم كېلىپ كەتتى. بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى! مەن روھىمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن گلۇكوزا، بېلىق مېيى، كالتسىي قاتارلىق دورىلارنى ئىستېمال قىلىپ، ئاندىن ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدىم. مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، قەلبىمدىكى تەشۋىش ۋە زېرىكىشنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

3 - نويابىر، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دادام ماگنىنىڭ ئازىراق يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن لىستون پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ سىرتتىن ئوقۇش دەرسلىكىدىن بىر نۇسخا ئاپتۇ. ماگى ئۇ دەرسلىكلەرنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقىپ، مۇۋاپىق دەرسلىكنى تاپالمىدى. ئۇ ئۆزى ياقتۇرغان دەرسلىكنىڭ ئوقۇش راسخودىنىڭ ئۆرە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. دادام ئۇنىڭغا «باشلانغۇچ لاتىن تىلى» نى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ بەك خۇشال بوپ كەتتى. چۈنكى دادام ئۆزى دەرس ئۆتۈپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى!

دادام كوفوس ئەپەندىگە دەپ ماڭا «ئىنجىل قىسسەسى» ناملىق باللار ئوقۇشلۇقىنى ئەكەلدۈرۈپ بەردى. دادام ماڭا بۇنى ئوقۇسام ئىنجىلدىكى كۆپلىگەن ھېكايە ۋە بېشارەتلەرنى ئۆگىنىۋالىدىغانلىقىمنى دېدى.

ماگى دادامدىن بۇ ئىنجىلنى كاناكا بايرىمىدا ئۇنىڭغا سوۋغا قىلامسىز؟ دەپ سورىدى. چۈنكى كاناكا بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى: ئۇ سېنى نىكرا بايرىمىدا سوۋغا قىلىش تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارايتتى. دادام كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەقسىتىڭنى چۈشەندىم، چۈنكى ئىيسا بىلەن كاناكا بايرىمىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، شۇنداقمۇ؟

8 ـ نويابىر، دۈشەنبە

قەدىرلىك چېت:

مېنىڭ روھىي ـ ھالىتىمنى ئەتراپتىكى كەيپىيات ئاسانلا ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. يازغان خەتلىرىمنى ئوقۇپ سەنمۇ مەندەك ھېسسىياتقا كەلگەنسەن؟ ھەربىر كىتابنى ئوقۇغاندا قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىمەن. شۇڭا ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋېلىشىم زۆرۈر. بولمىسا، بىرەرسى مېنى ساراڭ دەپ قالىدۇ.

سەنمۇ دىققەت قىلغاندۇرسەن، مەن مۇشۇنداق مەيۈسلۈكتىن

"ھالقىپ ئۆتۈش"نى ئۆگىنىۋاتىمەن. نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن. مەن بۇرۇن ناھايىتى قورقۇنچاق ئىدىم. ھازىر تېخىمۇ قەيسەر بولغۇم كېلىدۇ!

بۈگۈن ئاخشام ئىللىمۇ بىز بىلەن تۇرغان ۋاقىتتا ئىشىك قوڭغۇرىقى ناھايىتى ئۇزۇن ھەم كۈچلۈك جىرىڭلاپ كەتتى. قورققىنىمدىن چىرايىم تامدەك ئاقىرىپ، ئاشقازىنىم مۇجۇپ ئاغرىپ كەتتى. كەچتە كارىۋاتتا يېتىپ، كاللامغا كەلسە - كەلمەس ئويلار كىرىۋالدى. تۈن نىسپىدىن ئاشقاندىمۇ ئۇ - ياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدىم. بىردەم ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلار ياتىدىغان كامېردا قىمىر قىلالماي ياتقان مەھبۇستەك، بىردەم ئۆزۈمنى يولدىن ئېزىپ قېلىپ تىتىلداپ كېتىۋاتقان يولۇچىدەك سېزەتتىم. مەخپىي ئۆيگە ئوت كېتەرمىكىن، يېرىم كېچىدە مەخپىي ساقچىلار ئۇسۇپ كىرىپ قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلاتتىم.

تالادا يامغۇر ئارىلاش چىقىۋاتقان شامالغا كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ قارايتتىم. ئاسماننى قويۇق قاپقارا بۇلۇت قاپلىغانىدى. قاپقارا بۇلۇتلار پەستە لەيلەپ يۈرەتتى... پەستە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار.. بىزگە يېقىنلاشماقتا. بىز قىستىلىشقا باشلىدۇق. تۈگۈلۈكتىن كۆپكۆك ئاسماننىڭ ئالقاندەك قىسمى كۆرۈنەتتى. بىراق، بىزنى بىر قەۋەت ھۇزۇلۇك دېرىزە توسۇپ تۇراتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقىپ كېتەلمەيتتۇق. تۈگۈلۈك پەسلەشكە باشلىدى. بىز خۇددى تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك! ئاھ! نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق چۈش بۇ!

11 - نويابىر. پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

قەلىمىم يوقاپ كەتتى. بۇ قەلەمنى بىر پارچە ماقالە يېزىش

ئارقىلىق خاتىرىلەيمەن.

قەلەم مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىمنىڭ بىرى. بۇ قەلەمنى ئىنتايىن ئەتىۋارلايتتىم. بۇ قەلەمنىڭ ئۇچى قاتتىق، خەتنىمۇ چىرايلىق يازغىلى بولاتتى. بۇ قەلەمنىڭ تارىخى ئۇزۇن ھەم قىزىقارلىق ئىدى!

بۇ قەلەمنى مومام مەن توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى ماڭا ئاتاپ ئالغان. ئۇنى پاختىغا مەھكەم ئوراپ، قىزىل قۇتىغا سېلىپ ماڭا ئارگېندىن ئەۋەتكەنىدى (مومام دائىم ئارگېندا تۇراتتى). مەن قەلەمنى تاپشۇرۇۋېلىپ بەك خۇش بولغانىدىم. ئۇنى داۋاملىق دوستلىرىمغا كۆرسىتەتتىم.

مەن ئون ياشقا كىرگەن يىلى مۇئەللىملەر بىزنىڭ قەلەم ئىشلىتىشىمىزگە رۇخسەت قىلدى. دادام بىلەن ئاپامنىڭ رۇخ-سەت قىلىشى بىلەن مەن ھەر كۈنى مۇشۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىپ يۈردۈم. لېكىن ئون بىر ياشقا كىرگەن يىلى باشقا بىر مۇئەللىم بىزنىڭ قەلەم ئىشلىتىشىمىزگە يول قويمىدى. مەن بۇ قەلەمنى ئىشلەتمەي يۈردۈم.

مەن ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى يەھۇدىيلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىگە چىقتىم. مېنىڭ بۇ قەلىمىممۇ يېڭى ماكانغا ئېرىشتى. ئۇنى چىرايلىق قەلەمدانغا سالدىم. ئۇنىڭغا نۇرغۇن قەلەملەر ھەمراھ بولدى.

مەن ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە بۇ قەلەم بىلەن مەخپىي ئۆيگە كىردىم. كۈندىلىك خاتىرە ۋە ماقالىلەرنى مۇشۇ قەلەمدە يازدىم.

مەن ھازىر ئون تۆت ياشقا كىردىم. بۇ قەلەم بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى مەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى.

ئۆتكەن جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن دادام بىلەن ماگى مېنىڭ ھۇجرامدىكى ئۈستەل ئالدىدا لاتىن تىلى ئۆگەندى. مەن پۇرچاق ئاقلاۋاتاتتىم. بىخلىنىپ كەتكەن پۇرچاقلارنى ئادالاپ،

ئۇستەلنىڭ بۇرجىكىگە قويدۇم. پۇرچاقتىن چىققان ئەخلەت - چاۋانى يىغىپ، ئوچاققا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتىم. ئۇلار ئۆگىنىش- نى تۈگەتكەندىن كېيىن قەلىمىمنى زادىلا تاپالمىدىم. دادام بى- لەن ماگىمۇ ئىزدىدى. ئۆينىڭ ھېچ يېرىدىن تېپىلمىدى. ئەتىسى دادام كۈلنىڭ ئارىسىدىن قەلەمنىڭ قېپىنى تاپتى. مەن بىخەستە- لىك قىلىپ قەلەمنى ئەخلەت - چاۋا بىلەن بىرگە ئوچاققا تاشلى- ۋەتكەن ئوخشايمەن.

گەرچە بۇ بىر تال قەلەم بولسىمۇ، ماڭا ئۇ ئوتتا كۆيدۈرۈۋې- تىلگەندەك تۇيۇلدى. بىردىنلا كاللامدا: ئۆلۈپ كەتسەم مەنمۇ مۇشۇنداق كۈنگە قالارمەنمۇ؟ دېگەن خىيال پەيدا بولدى.

## ● بوغما كېسەل تارقالدى

17 - نويابىر، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

يېقىندىن بۇيان سىرتتا بوغما كېسىلى تارقىلىپ كەتتى. بۇ كېسەل ئىللىگىمۇ يۇقۇپتۇ، ئۇ بىر يېرىم ئايغىچە بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. كوفوس ئەپەندى ئەتىدىن - كەچكىچە كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتىدۇ. ئۇ پەقەت سۈيۈق - سەلەڭ نەرسىلەرنى ۋە سۈتنىلا ئىچەلەيدۇ.

ماگى تاپشۇرۇقلىرىغا ئىللىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، مۇئەل- لىمنىڭ كۆرۈشىگە ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئۇ مۇئەللىم ناھايىتى ئەستايىدىل، ئۇ ئۆزىنىڭ ماگىغا ئوخشاش ئەقىللىق ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقانلىقىدىن تولىمۇ خۇشالدەك كۆرۈنەتتى.

دېسسېر مۇشۇ كۈنلەردە ئاسان تېرىكىدىغان، ھە دې- سىلا ئەر - خوتۇن ۋېنتانلار بىلەن ئېيتىشىپ قالىدىغان بولۇپ

قالدى. تۇنۇگۇن ئۇنىڭ مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىگە بىر يىل تولغان خاتىرە كۈن ئىدى. بۇ كۈننى تەبرىكلىمەكچى بولغانىدۇق. لېكىن ۋېنتان خانىم ئۇنىڭ ئازىراق پۇل چىقىرىپ كۆپچىلىكنى مېھمان قىلىشى توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى. دېسسېر تەبرىكلەش ـ تەبرىكلىمەسلىك بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئاپام ئىككىمىز بەك ئوڭايسىزلاندۇق. بۇگۈن ئادەتتىكى كۈندەك ئۆتۈپ كەتتى.

27 ـ نويابىر، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئاخشام كارىۋاتتا ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئوخلىيالمىدىم. توساتتىن لېسنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى جۇلجۇل، چىرايى سۇلغۇن، كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق ۋە مەيۇسلۇك چىقىپ تۇراتتى. بىر يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇنى ئەسلەپ باقمىغانىدىم. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ گويا ماڭا:

— ئاننى! سىز نېمىشقا مېنى تاشلاپ ئۆزىڭىز قېچىپ كېتىسىز؟ مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ! مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ! بۇ دوزاقتىن قېچىپ كېتىشىمگە ياردەم قىلىڭ، بولامدۇ؟ ئاننى، مەن قىينىلىپ كەتتىم! — دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن ئىسسىق ياشلىرىمنى توختىتالمىدىم. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم. ماڭا ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ھېمايىچىسىز لېسنىڭ ئازابلىق قىياپىتىگە قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى. مەن توختىماستىن دۇئا قىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنى بۇ يەرگە تېزرەك يەتكۈزۈپ قويۇشىنى تىلەيتتىم.

ئاھ، لېس! مەن سىزنى مېنىڭدىن ئوبدان دوستلىرى بار، دەپ خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن. سىزنىڭ ئەڭ كۆلپەتلىك چاغلاردا

مېنى ئىزدەيدىغانلىقىڭىزنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. پەرۋەردىگا-رىم، ئۇنى ھىمايە قىل! ئۇنى سېغىنغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئېيت. شۇنىڭدا ئۇ بۇنچىلىك ئازابلىنىپ كەتمەيدۇ!

لېس! مەن سىزنى بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولغانىدىم. لېكىن بەك كېچىكىپ قالدىم. سىزنى قۇتقۇلدۇرۇشقا ھەم سەۋەنـ-لىكىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ئامالسىزمەن. ىىراق پەرۋەردى-گارنىڭ سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلەيمەن. كەلگۈسىدە سىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

6 - دېكابىر، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئۆتكەن يىلقى سېن نىكرا بايرىمى شادلىق بايرام كەيپىياتىغا چۆمۈلگەنىدى. مەن بىر ھەپتە بۇرۇن سېن نىكرا بايرىمىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى پەملەپ، ھەربىر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ھەر بىرەيلەننىڭ بىر كۇپلېت شېئىر يېزىشى، يازغان شېئىرنى سېۋەتكە تاشلىشى توغرۇلۇق دادامغا مەسلىھەت سالدىم.

ئاخشام كەچ سائەت يەتتىدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە بىرسى ئۆيدىكى سېۋەتنىڭ قىزغۇچ قەغەز پارچىلىرى بىلەن قە-غەز گۈللەرگە تولغانلىقىنى ئىختىيارسىز كۆرۈپ قېلىپ، ھەي-ران بولغان ھالدا ۋارقىراپ كەتتى. بىز دەرھال سېۋەتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق.

رەڭلىك قەغەزگە بىر پارچە خەت قىستۇرۇقلۇق ئىدى. مەن خەتنى ئېچىپ كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەردىم:

سېن نىكرا بايرىمى يەنە كەلدى!
لېكىن بۇلتۇرقىدەك كۆڭۈللۈك بولمىدى.

شۇنداقتىمۇ هايات ئۇچۇن ئۇنى قۇتلۇقلايلى!
بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ قىزغىن قارشى ئېلىپ،
ئۇنى ئۆلمەس روھقا ئىگە قىلدىڭلار!
ئەمدى قولۇڭنى ئۇنىڭ ئايقىغا تىق.
ئالاھىدە سوۋغاتتىن بەھرىمەن بولىسەن.

ئاياقنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن كىچىك قەغەز خالتىلار سېلىپ قويۇلغانىدى. ھەر بىر قەغەز خالتىغا بىر كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. ئىچىدە شۇ كىشىگە ئاتاپ يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىر بار ئىدى.

22 ـ دېكابىر، چارشەنبە
قەدىرلىك چىت:

مەن ئېغىر تارقىلىشچان زۇكام بولۇپ قېلىپ، نەچچە كۈن ئىلەڭ ـ سىلەڭ يۈردۈم. ساقىيىپ ساڭا يەنە خەت يېزىۋاتىمەن.

بۇ يەردىكىلەر ئاغرىپ قالسىلا ماڭا ئوخشاش ئىنتايىن بىچارە بولۇپ كېتىدۇ. يۆتەلگۈسى كېلىپ كەتسە، دەرھال يوتقانغا كىرىپ ئىمكان بار ئاۋازىنى پەسەيتىشكە تىرىشىدۇ. سۈت، ھەسەل، شېكەر، قايناق سۇ، لىمون شىرنىسى، يۆتەل توختىتىش دورىسى، گال ئاغرىقى دورىسى قاتارلىقلار ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ھۆل لۆڭگە بىلەن قۇرۇق لۆڭگىنى بىمارنىڭ مەيدىسىگە نۆۋەت بىلەن توختىماي باسىمىز. بىمار كۈنبويى كارىۋاتتىن چۈشمەيدۇ. ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆلچىنىدۇ. بۇ ئۇسۇللار مېنى تولىمۇ قىينىۋەتتى.

ئۇلارنىڭ دېسسېرنى ماڭا مەسئۇل دوختۇر قىلىپ قويغانلىقىغا پەقەت چىدىمىدىم. دېسسېر مەيدەمگە بېشىنى قويۇپ، خېلى



بىر هازاغىچە هېچنېمىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان بەدبوي پۇراقتىن بەك بىئارام بولۇپ كەتتىم! هەي، ئۇ مېنىڭ ئاشنام بولمىسا ـ يە!

هازىر پۇتۇنلەي ساقىيىپ كەتتىم. بىر سانتىمېتىر ئۆسۈپ، ئىككى قاداق ئېغىرلاپتىمەن. مېنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى شۇكى، مۇشۇ كۈنلەردە بىز ناهايىتى چىرايلىق ئۆتۈپ كېتىۋاتىمىز. ئۇرۇش ـ تالاش يوق، بۇ يەرنىڭ بۇنداق تىنچ بولمىغىنىغا يېرىم يىل بولغانىدى.

ئىللى بىزنى كۆرگىلى كەلمىدى. ئۇرۇش تىركىشىش هالىتىدە ئىدى. بۇنىڭدىن كۆپچىلىكنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

24 ـ دېكابىر، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

گىيوتىنىڭ ”جەننەتمۇ ياكى ئۈمىدسىزلىك گىردابىمۇ؟“ دەيدىغان هېكمەتلىك سۆزى بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى تولۇق سۈرەتلەپ بېرەلەمدۇ ـ قانداق؟

مەن ۋە ماگا ئوخشاش باشقا يەهۇدىي باللىرى ئۈچۈن بۇ يەردە ياشاش هەقىقەتەن جەننەتتە ياشىغان بىلەن باراۋەر.

بۈگۈن كوفوس خانىم كېلىپ بىزگە قىزىنىڭ توپ ئويۇنىغاندىلىقىنى، قېيىقتا چىققانلىقىنى، تىياتىر كۆرگەنلىكىنى ۋە دوستلىرى بىلەن سەيلى ـ ساياهەت قىلغانلىقىنى دەپ بەردى. مەن ئىختىيارسىز خىيالغا بېرىلىپ كەتتىم. ئاشۇنداق تۇرمۇشتىن يەنە بىر قېتىم بەهرىمەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ هە! هەر قېتىم مېهمان كېلىپ پىلاشنى سالغاندا، كاللامدا مەن ساپ هاۋادىن قاچانمۇ نەپەس ئالارمەن؟ دېگەن خىيال پەيدا بولىدۇ.

مەن ساگا بەك قانائەتسىز تۇيۇلۇپ كېتىۋاتقاندۇرمەن. ناۋادا

سەنمۇ ماڭا ئوخشاش بىر يېرىم يىل سولىنىپ ياتساڭ، مېنىڭ-دىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىشىڭ مۇمكىن! ۋېلىسىپىت مى-نىش، تانسا ئويناش ۋە ئىسقىرتىش، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ياشلىقنىڭ، ئەركىنلىكنىڭ ھىدىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ-لار ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى ئەمەسمۇ؟

ھەي، مەن يەنە ”ئۈمىدسىزلىك گىردابى“غا پاتتىم!

25 ـ دېكابىر، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

روژدېستۋو بايرىمى يەنە يېقىنلاشتى! مەن دادامنىڭ بۇرۇن دېگەن نۇرغۇن سۆزلىرىنى ئەسلىدىم. دادام ھەقىقەتەن كەڭ قورساق ئادەمكەن. مەن كەلگۈسىدە دادامدەك ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

27 ـ دېكابىر، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەن ئۆتكەن جۈمە كۈنى كەچتە جاھانغا كۆز ئېچىپ تۇنجى قېتىم روژدېستۋو سوۋغىتىنى قوبۇل قىلدىم. مىرىبو بىزگە ئۇس-تىگە ”تىنچ 1944 ـ يىل“ دېگەن خەت يېزىلغان روژدېستۋو تورتىنى سوۋغا قىلدى. ئىللى ئۇرۇشنىڭ ئالدىدا داۋاملىق يەيدى-غان پىرەنىكتىن بىر قاداق ئەكەلدى. ماگى، پىتىر ئۈچىمىز ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر بوتۇلكىدىن قېتىق ئالدۇق. چوڭلار-نىڭ ھەر بىرسىگە بىر قۇتىدىن پىۋا تەگدى.

ھەر بىر سوۋغات چىرايلىق قەغەزگە ئورالغانىدى. روژ-دېستۋو بايرىمى ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

29 ـ دېكابىر، چارشەنبە

قەدىرلىك چېت:

ئاخشام مومام بىلەن لېس چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇلارنى گويا ئوڭۇمدا كۆرگەندەك كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم!

ئەڭ قەدىرلىك مومام چۈشۈمدە ھىمايىچى ئىلاھ سۈرىتىدە پەيدا بولدى. مېنى بۇرۇنقىدەك ھىمايە قىلىۋاتقۇدەك! مومام شۇنداق ئاق كۆڭۈل ئىنسان ئىدى. مەن ھەرقانچە شوخلۇق قىلسامۇ ئۇ مېنى جازالىمايتتى. مومامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بىرخىل غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، بۇنى ھېچكىمگە دېمەي ئىچىدە بىلىپ، چىداپ يۈرگەنىدى.

لېس ھېلىمۇ ھاياتمىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا ھەمىشە ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقان قىياپەتتە چۈشۈمگە كىرىدۇ؟

مەن نېمىشقا داۋاملىق قورقۇنچلۇق ئىشلارنىلا ئويلايمەن؟ بەزىدە قورقۇپ ۋارقىرىغۇم كېلىپ كېتىدۇ؟

پەرۋەردىگار! ئاز ـ تولا مۆجىزە يارىتىپ ئاشۇ بەختسىزلەرنى قۇتقۇز!

# 1944 - يل

# ● ئاينىغان يۈرەك

2 - يانۋار، يەكشەنبە
قەدىرلىك چىت:
بۈگۈن ئەتىگەن كۈندىلىك خاتىرىنى ۋاراقلاۋېتىپ، بىردىنلا ئاپام توغرۇلۇق غەزەپ ۋە رەنجىش ئەكس ئېتىدىغان نۇرغۇن سۆز - ئىبارىلەرنى بايقىدىم. بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم:
— ئاننى، سەن ئاپاڭغا راستىنلا شۇنداق ئۆچمۇ؟ ئاپاڭنى شۇنداق دېگىنىڭگە ئازراقمۇ پۇشايمان قىلمامسەن؟
مەن ئۆزۈمنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزىتىپ، ئاخىرى چۈشەندىم. مەن ئەسلىدە پۈتۈن خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرىمنى كۈندىلىك خاتىرىگە تۆكىدىكەنمەن. بۇ كۈندىلىك خاتىرە مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن تولىمۇ قىممەتلىك، مەن كۆڭلۈمدىكىنى مۇشۇ كۈندىلىك خاتىرىگە ئەينەن ئىزھار قىلىمەن. لېكىن، بەزىدە ماڭا كۆڭۈلسىز تۇيۇلغان ئىشلارنى ئۆتكۈزۈۋەتسەممۇ بولىدىكەن، ھەممىنى يېزىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟
مەن بۇرۇن ئاپام مېنى چۈشەنمەيدۇ دەپ ئۇنىڭدىن نارازى بولغانىدىم. ئەمەلىيەتتە ئاپامنى مەنمۇ چۈشەنمەيمەنغۇ! ئۇ ماڭا بەك كۆيۈنىدۇ. مەن بەزىدە كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىشلار تۈپەيلىدىن تىرىكىپ ئاپامنىڭ دىلىغا ئازار بېرىمەن. شۇڭا ئارىمىزدا رەنجىش ۋە رەنجىتىش ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇگۈندىن باشلاپ ئاپامنى رەنجىتمەسلىك، كۈندىلىك خاتىرىگە بۇنداق يازماسلىق قارارىغا كەلدىم.
مەن ئاپامنى ئەمدى بۇرۇنقىدەك يىغلاتمايمەن. ئۇ پەرىشان بولغان چاغلاردا ئاغزىمغا ھېچ سۆز چىقمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۆيدە ئۇيان - بۇيان ماڭىمەن، ئاچچىق گەپلىرىمنى يېزىپ قويسام بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلسام، بىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن.

5 - يانۋار چارشەنبە
قەدىرلىك چىت:
مەن ساڭا ئىككى مەخپىيەتلىكنى ئېيتىمەن، چۈنكى سېنىڭ ئاغزىڭنىڭ چىڭلىقىنى بىلىمەن.
بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئاپام توغرۇلۇق. ئاپام بىزنى كۆپىنچە ھاللاردا دوستى قاتارىدا، ناگان - ناگاندا قىزلىرى ئورنىدا كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى ياخشى. لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنىڭ ياخشى ئەھۋال بولۇشى ناتايىن. چۈنكى بىزنىڭ نەزەرىمىزدە، ئاپام دوستلىرىمىزغا قارىغاندا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشى، پەرزەنتلىرىنى ئاسرىشى ھەم ئۇلارنى مازاق قىلماسلىقى زۆرۈر.
ئاپامنىڭ بىر قېتىم ماگىنى باشلاپ ماگىزىنغا نەرسە - كېرەك ئالغىلى بارغانلىقى يادىمدا، ئۇ شۇ چاغدا مېنى بارغىلى قويمىغانىدى. مەن جىلى بولۇپ يىغلاپ كەتكەنىدىم، ئۇلار مېنى مازاق قىلىشقانىدى. مۇشۇ ئىش ئۈچۈن مەن كارىۋاتتا يېتىپ خېلى ئۇزاق يىغلىغانىدىم. ھازىر ئويلىسام ئاپامنى كەچۈرگۈم كەلمەيدۇ!
ئىككىنچى ئىشنى دېيىشتىن ئۇيۇلىمەن. بۇ مەندىكى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىش. تۈنۈگۈن ھېستېرىنىڭ

قىزلارنىڭ ياشلىق مەزگىلىدىكى روھىي ھالەت ئۆزگىرىشى تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە ماقالىسىنى ئوقۇدۇم. ئەھۋالىمنىڭ ماقالىدە تەسۋىرلەنگەن ئەھۋال بىلەن ناھايىتى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن ئۈچ قېتىم ئاي كۆردۈم. ھەر قېتىمدىلا قىينىلىپ، تىتىلداپ كېتىمەن، ئۆزۈمنى پاسكىنا بولۇپ كەتكەندەك سېزىمەن. نورمال قىز ئىكەنلىكىمدىن قەۋەت خۇش بولسامۇ، لېكىن بۇ ھال ماڭا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى.

مېنىڭ بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەخپىيەتلىكلەرنى، نېمىشقا بەزىدە كارىۋاتتا يېتىپ كۆكسۈمنى سىيلىغۇم كېلىدىغانلىقىنى بىلگۇم كېلىدۇ؟ مەن بىر قىز ساۋاقدىشىمنى سۆيگەن، بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆكسىنى سىيلاپ ئۇنىڭ بىلەن تەسىرات ئالماشتۇرغۇم كەلگەنىدى. لېكىن بۇ ساۋاقدىشىم بۇنى رەت قىلغانىدى. بەزىدە يالىڭاچ ئاياللارنىڭ فوتو سۈرەتلىرىنى ياكى ۋىناسىنىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈپ يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىمەن. مەن نېمىشقا بۇنداق ھاياجانلىنىمەن؟ مەن مۇشۇ ئىشلار سەۋەبىدىن ئۇزاق ـ ئۇزاق يىغلىغان. لېكىن يەنىلا جاۋاب تاپالمىدىم.

مەن گاڭگىراپ قالدىم. مەن باشقا قىزلاردىن بالدۇر بالاغەتكە يەتتىممۇ؟ ماگى مەندىن بالدۇر يېتىلگەن. بۇ ئىشلار نېمىشقا ئۇنى بىسەرەمجان قىلمايدۇ؟ بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمىدىم. ساڭا دەۋاتىمەن. بۇمۇ بىر مەخپىيەتلىك.

6 ـ يانۋار، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

بىرەر كىشى بىلەن بەكمۇ پاراڭلاشقۇم كېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پىتىرنى ئىزدىدىم. مەقسىتىمنى بىلىپ قېلىشىدىن

ئەنسىرەپ، تۇنۇگۇن تېپىشماق ئېيتىشىشنى باھانە قىلىپ، ئۇ-نىڭكىگە كىردىم. بىز ئۇستەل ئالدىدا بىللە ئولتۇردۇق. مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى مىجەز - خاراكتېرىنىڭ سەل ئۆزگىرىپ، ئوماقلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىر قىسما ئەمەسلىكىنى دېدىم. مەن بىردىنلا ئۇنىڭ جىم ئولتۇرغان چاغدا پەيدا بولغان مېيىقىدىكى كۈلۈمسىرەشنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى بايقىدىم. ئۇنىڭ ئۇياتچانلىق ئەكس ئەتكەن روھىي ھالىتىدىن قەلبىمنى شېرىن سېزىم قاپلىدى. گەپ - سۆزلىرى-دىن يېتىلگەن ئەرلەرگە خاس روھىي قىياپەت چىقىپ تۇراتتى.

ئەتىگەن ئويغىنىپلا كېچىدە كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان پېتىرنى چۈشىگەنلىكىمنى بىلدىم. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپتۇ-دەك، ئۇ مەڭزىمگە چىڭ يېقىپتۇدەك، ماڭا خۇش يېقىپ كېتىپتۇدەك، ئۆزۈم جىددىيلىشىپ كېتىپتۇدەكمەن. مەن پېتىر بىلەن ھېچقاچان چۈشۈمدىكىدەك يېقىن تۇرۇپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئىسسىق مەڭزىنى ھېلىھەم ھېس قىلىۋاتقاندەك قىلىمەن. مەن ئۇنى چۈشىگەنلىكىمگە ئىنتايىن خۇش.

7 - يانۋار، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

بۈگۈن ساڭا ئۆزۈمنىڭ رومانتىك تارىخىمنى سۆزلەپ بېرەي-مەن:

مەن يەسلىدىكى چېغىمدا كۈنبويى كولنىڭ يېنىدىن كەت-مەيتتىم. كول دادىسىدىن ناھايىتى كىچىك ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئاپىسى ۋە ھاممىسى بىلەن بىرگە تۇراتتى. كولنىڭ روبىك ئىسىملىك ئاجايىپ چىرايلىق بىر نەۋرە ئىنىسى بار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىدى. مەن كولنى قەۋەت ياخشى كۆرەتتىم ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت



ئارىلىشىپ يۈردۈم. لېكىن ئۇنىڭغا كۆڭلۈم چۈشمىدى.

كېيىن پېتىر بىلەن تونۇشۇپ، مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالدىم. پېتىر كېلىشكەن، ئېگىز بويلۇق، قىزغىن ھەم ئەقىللىق، چاچلىرى قاپقارا، قوڭۇر كۆزلۈك، مەڭزى قىزىل، قاڭشارلىق بالا ئىدى. ئۇ شوخ، كەپسىز ئىدى. قاقاقلاپ كۈلسە ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالاتتىم. كېيىن دەم ئالغىلى سەھراغا كەتتىم، قايتىپ كەلسەم ئۇ مېنى ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن، دەپ مەندىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىزلارنى تېپىپ، مەن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزدى. لېكىن مەن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنى ئىزدىگۈم كەلمىدى، چۈنكى باشقىلارنىڭ مېنى "قاشاڭ قىز!" دەپ ئاتىشىنى خالىمىدىم.

يەھۇدىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، سىنىپتىكى نۇرغۇن ئوغۇل ساۋاقداشلار ماڭا ئوغرىلىقچە قاراشقا ئامراق ئىدى. بۇ ماڭا شان - شەرەپ بولۇپ تۇيۇلاتتى. لېكىن ئوغۇللاردىن خالىغانچە دوست تۇتقۇم كەلمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئايرىي پېيىمغا چۈشتى. مەن ئايرىي توغرۇلۇق ساڭا دەپ بەرگەن. ئەمما، مېنىڭ ئايرىيغا كۆڭلۈم يوق ئىدى. كونىلار: "ۋاقىت — ھەممە جاراھەتنى ساقايتىۋېتىدۇ" دەيدۇ. مەن ۋاقىت ماڭا پېتىرنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ، دەپتىمەن. ئۇنىڭ يەنىلا قەلبىمگە يوشۇرۇنغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

تۈنۈگۈن دادام مېنى سۆيگەن چاغدا، دادامنىڭ ئورنىدا پېتىر بولۇپ قالسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلدىم! بىلەمسەن؟ چۈشۈمدە پېتىرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنى تاللىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمۈلدۈم!

12 ـ يانۋار، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مىرىبو بىلەن يوك ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپىدار بولۇپ قې-لىپ، ئىككى ھەپتە ئىشقا كەلمىدى.

مەن مۇشۇ نەچچە كۈندىن بۇيان بالىيتقا مەستانە بولۇپ قال-دىم. ھەر كۈنى كەچتە كۆكۆللۈك ھالدا بالىيت مەشىق قىلىمەن. كۆكۈش كونا كۆڭلىكىمنى بالىيت كۆڭلىكى قىلىپ ئۆزگەرتتىم. ياقا ۋە يەڭلىرىگە تور تۇتۇپ، ھېيدە تەرىپىگە كېپىنەك شەكىللىك بانتىك تاقىدىم. كۆڭلەكنىڭ ئېتىكىگە قىزغۇچ جىيەك تۇتتۇم. تەنھەرىكەت ئايىغىمنى بالىيت ئايىغى قىلماقچىمەن. پۇت ـ قوللى-رىم ناھايىتى يۇمشاق، بىراق بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلماق ئىنتا-يىن مۇشكۈل. مەسىلەن، پولدا ئىككى پۇتنى كېرىپ ئولتۇ-رۇپ، بارماقنى پۇتنىڭ بارمىقىغا تەگكۈزۈش قاتارلىقلار. ئەگەر مەن پولغا كۆرپە سالمىسام، بېلىمنى ئالالمىغان بولاتتىم.

بۇ يەردىكى ھەربىر كىشى «تىنىق سەھەر» ناملىق كىتابنى ئوقۇۋاتىدۇ. ئاپام بۇ كىتاب ئالاھەت ياخشى يېزىلغان، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئائىت تالاي مەسىلىلەر سۆزلەنگەن، دېدى. مەن ئىچىمدە سىلەر چوڭلار ئازىراق چاتاق چىقارساڭلارلا، مۇشۇنىڭ ئۆزى چوڭ گەپ، دېدىم! ئاپام پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىگە بەك كۆڭۈل بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى ماگىدا، ئۇ ئۆزىگە ھەقىقىي موھتاج بولۇۋاتقان كىشىگە ئېتىبارسىز قارايدۇ. چۈنكى ماگى ماڭا ئوخشاش كۆپ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمىگەن. ماگى ئاپامغا بەكرەك كۆيىدىغان بولۇپ تۇيۇلغاچقا، ئاپام ماڭا ئېتىبارسىز قارىسا كېرەك! بۇ گەپنى ئاپامغا دېيىشكە پېتىنالماي-مەن. چۈنكى ئۇنى خاپا قىلغۇم يوق.

مەن پات ـ پاتلا ئۆزۈمنى چۈشىنەلمەي قالىمەن. نېمىشقا

ئۆزۈمگە باشقا بىر ئادەمنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قارايمەن؟ مەن ”ئاننى“نى كۆزەتكەندە، مەن ئۇ ئاننىغا ئوخشمايدىغاندەك قىلىمەن. مەن كۆپ ئويلاپ كەتتىممۇ - نېمە؟

15 - يانۋار، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئاپامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېقىنلاشتى. گرويتىر ئەپەندى ئۇنىڭغا ئازىراق شېكەر سوۋغا قىلدى.

بۇ ئىشقا ۋېنتان خانىمنىڭ تارلىقى كېلىپ، خۇيلىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمىز. چۈنكى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە گرويتىر ئەپەندى ھېچنېمە سوۋغا قىلمىغانىدى.

ئاپام مۇشۇ بىر - ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئەر - خوتۇن ۋېنتانلارنى كۆرمىسەم قانداق ياخشى بولار ئىدى - ھە! دەيتتى. بۇ ئارزۇ ھازىرچە ئەمەلگە ئاشمايتتى، ئەلۋەتتە.

ماڭا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەربىر كۈنى تۈگىمەس ئاۋارىچىلىقلار بىلەن ئۆتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. سىرتتىكى كىشىلەرمۇ مۇشۇنداق شەخسىيەتچى ھەم مۇشۇنداق قىتىغۇرمىدۇ؟ پۇرسەت بولسا ئىنسانلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىشنى بەك ئۈمىد قىلىمەن! بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇۋېرىپ قۇرۇپ قالغان پېلەك بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن. مەن ئەسلىدە يېتىلگەن جۇۋان بولۇشۇم كېرەك!

22 - يانۋار، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

نېمىشقا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى يوشۇرىدۇ؟ نېمىشقا باشقىلارغا ئىشەنمەيدۇ؟

مەن نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قەدىرلىك ئادىمىمنى چۈشىگەن-
دىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس
قىلدىم. ۋېنتان خانىمنىڭ قىلىقلىرىنى باشقا بىر نۇقتىنەزەر-
دىن ئۆلچەشنى ئۆگىنىۋالدىم. بۇنداق دېسەم، ھەيران بولۇۋاتام-
سەن؟

ئاپام ئەقىللىق ئايال بولسا ۋېنتان خانىمنىڭ ياخشى تەربىيە-
نى ئېتىراپ قىلغان بولاتتى. كىشىلەر باشقىلارنى ماختاشقا نې-
مانچىلا قىزىقلىق قىلىدۇ؟ ئاپام ئۇنچىۋالا تۇز بولۇپ كەتمىگەن
بولسا، ئاپام بىلەن ۋېنتان خانىم ئوتتۇرىسىدىكى جېدەلنىڭ تولى-
سىدىن ساقلانغان بولاتتى.

ھەربىر ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرۈشۈم، ئوبيېكتىپ
مەيداندا تۇرۇپ ئاشۇ ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى تېپىپ چىقىشىم
كېرەكمۇ؟ قايسىسى كۆپتۇرۈلگەن؟ باشقىلارنىڭ كەينىدىن ئۇش-
شاق گەپ قىلغۇم يوق. پەقەت ئىشنىڭ تۈگۈنىنى چوڭقۇرلاپ
تېپىپ چىقىشنى ئويلايمەن.

24 ـ يانۋار، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ماڭا ئاجايىپ غەلىتە تۇيۇلىدۇ، نېمىشقا كىشىلەر جىنسىي
مەسىلىلەر توغرۇلۇق ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلەشمەيدۇ؟ خۇددى
بۇ مەسىلە چەكلەنگەن، چېقىلغىلى بولمايدىغان سۆز تېمىسىدەك!
كۆپچىلىك بۇ توغرۇلۇق پىچىرلىشىپ سۆزلىشىدۇ، بىلمەيمەن
دېگەن كىشىلەر مازاق قىلىنىدۇ.

ئاپام ماڭا:

ئانىڭ، يات جىنستىكىلەر بىلەن ھەرگىزمۇ جىنسىي مەسى-
لىلەر توغرۇلۇق پاراڭلاشما، يات جىنستىكىلەر تەشەببۇسكارلىق
بىلەن ساڭا بۇ مەسىلىنى دېسە، پەرۋا قىلما، ئۇقتۇڭمۇ؟ دېگەن.

ئاپام جىنسىي مەسىلىلەر توغرۇلۇق مەن بىلەن ناھايىتى ئاز پاراڭلىشاتتى. بۇ يەرگە يېڭى كۆچۈپ كەلگەندە دادام ماڭا ئۆزلۈكىدىن بىر قىسىم ساۋاتلارنى دېگەندى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاپامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشنى ياكى كىتابتىن ئۆگىنىۋېلىشقا رازى ئىدىم.

تۈنۈگۈن ماگى، پىتىر ۋە مەن ياڭيۇ ئاقلاۋاتاتتۇق، بىز ئىختىيارسىز بوچىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتۇق. مەن قىزىقسىنىغان ھالدا:

— بوچىنىڭ چىشى ياكى ئەركەك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، سىلەر بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورۇدۇم.

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، — دېدى پىت شۇئان، — ئۇ ئەركەك.

مەن كۈلكىدىن ئۆزۈمنى تۇتالماي:

— ھە، ئەركەك مۈشۈك ئاسلانلامدۇ؟ — دېدىم.

ماگى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كەينىدىن پىتىرمۇ كۈلۈپ تاشلىدى. ئەسلىدە پىتىر ئىككى كۈن بۇرۇن بوچىنىڭ قورسىقىنىڭ تومپىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى پات ئارىدا ئاسلانلايدۇ دېگەندى.

پىتىر قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، دەرھال ئۆزىنى ئاقلاپ:

— شۇ چاغدا مۈشۈك ئوغرىلىقچە جىق يەۋېلىپ قورسىقى كۆپۈپ كەتكەن. بىراق بوچ ھەقىقەتەن ئەركەك مۈشۈك، ئىشەنمىسەڭلار بىللە بېرىپ كۆرەيلى، — دېدى.

مەن قىزىقسىنىپ ماگى بىلەن پىتىرغا ئەگىشىپ ئىسكىلاتقا باردىم. پىتىر بوچىنى ئوڭدا قىلىپ ماڭا ئۇنىڭ قورسىقىنى ۋە جىنسىي ئەزاسىنى كۆرسەتتى. پىتىرنىڭ بۇ مەسىلىنى سۆزلىگەن چاغدىكى پوزىتسىيىسى ناھايىتى تەبىئىي ئىدى. چىرايىدا كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىدىغان ئىپادە يوق ئىدى. شۇڭا ھەممە

نەرسە ماڭىمۇ ئىنتايىن تەبىئىي تۇيۇلدى.

مەن پىتىردىن:

— بۇنداق ئىشلارنى سەن قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— دادامدىن سوراپ بىلدىم! دادامنىڭ بىلىدىغانلىرى بەك كۆپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەجرىبىسى بار.

ئاپامنىڭ مېنى يات جىنستىكىلەر بىلەن جىنسىي مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىشىشتىن توسۇش نىيىتى ماڭا ئايان. ئەمما مەن مەيلى ئوخشاش جىنستىكىلەر ياكى يات جىنستىكىلەر بىلەن بولسۇن، بۇ سۆز تېمىسى توغرۇلۇق ناھايىتى تەبىئىي سۆزلىشىش مۇمكىن دەپ قارايمەن. بۇگۈن پىتىر ئىككىمىز ناھايىتى ساغلام تەرىزدە سۆزلەشتۇققۇ ـ مانا؟!

27 ـ يانۋار، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

يېقىندىن بېرى نەسەبنامىگە تولىمۇ قىزىقىپ قالدىم. مەندە مۇنداق بىر تەسىرات پەيدا بولدى. ئۆتكەنكى ئىشلارنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى خالىساڭ، نۇرغۇن يېڭى شەيئىلەرنى بايقىيالايدىكەنسەن.

مەن بەك تىرىشچان. ئىنگلىزچىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى ھەر يەكشەنبە كۈنى چولپانلارنىڭ بىر پاتمان سۈرەتلىرىنى تۈرگە ئايرىيمەن.

ئىللى دەم ئالسىلا يىگىتى بىلەن كىنو كۆرگىلى بارىدۇ. ئۇ كىنونىڭ ۋەقەلىكىنى قايتىپ كېلىپ بىزگە دەپ بېرىدۇ. گرويتىر ئەپەندى ھەر دۈشەنبە كۈنى كىنو ژۇرنىلى ئالغاچ كېلىدۇ. مەن ھازىر ساڭا كىنوخانىغا بارماي تۇرۇپمۇ قويۇلۇۋاتقان كىنولارنىڭ ۋەقەلىكىنى، كىنولاردىكى پېرسوناژلارنى ھەتتا كى-

نولار ھەققىدىكى ئوبزورلارنىمۇ دەپ بېرەلەيمەن!
مەن يەنە ژۇرناللاردىكى چولپانلارنىڭ سۈرەتلىرىگە قاراپ، چاچ شەكىللىرىنى ئىجاد قىلىمەن!

## ● قەدىرلىك نىجاتكار

28 - يانۋار، جۈمە
قەدىرلىك چىت:
مېنىڭ ئاپام بىلەن ۋېنتان خانىمنىڭ ياش چاغلىرىدىكى ھېكايىلىرىنى كۆپ ئاڭلىغۇم يوق. دېسسېرمۇ ھەمىشە خانىمنىڭ، باللىرىنىڭ ۋە بىمارلارنىڭ كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىشلار ماڭا ياد بولۇپ كەتتى.
كوفوس ئەپەندى بىلەن يوكنىڭ پاراڭلىرى مېنى بىرقەدەر ئۆزىگە تارتالايدۇ. ئۇلار يېقىندىن بۇيان تالاي يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەنلىكىنى ”ئەركىن گوللاندىيە“گە ئوخشاش تەشكىلاتلارنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ تولىسىغا يالغان پاسپورت ياساپ بېرىپلا قالماستىن، خىزمەت تېپىپ بېرىش، يوشۇرۇش، يول خىراجىتى بىلەن تەمىن ئېتىش، گېرمانىيىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى قوللاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى دەيتتى.
ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتى بىزنىڭ سۆيۈملۈك نىجاتكارىمىز كوفوس ئەپەندىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە ئوخشاش ئىنتايىن قەدىرلىك ئىدى. ئۇلار جانلىرىنى ئالقانلىرىغا ئەپقويۇپ بىزگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. ناۋادا سېزىلىپ قالسا، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش قىسمەتكە قالىدۇ. ئەمما ئۇلار كەينىگە چېكىنمەي، ئاۋارىچىلىقتىن قاچماي، بىزگە باشتىن - ئاياغ خۇشاللىق ۋە

شادلىق ئاتا قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار بۇ خىل مېھرىبانلىقى بىلەن ئالدىنقى سەپتىكى ھەرقانداق جەڭچىدىن قېلىشمايدۇ!

3 ـ فېۋرال، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ھەممە گېزىتلەر بىرىنچى بەتلىرىگە ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ پات ئارىدا گوللاندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىدىغانلىقى، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ غالجىرانە تەھدىت خاراكتېرىنى ئالغان تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى بەردى.

”ناۋادا ئىتتىپاقداش ئارمىيە گوللاندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان بولسا، گېرمانىيىلىكلەر بۇ زېمىننى قوغداش ئۈچۈن ھەرقانداق ئۇسۇل ـ چارىنى قوللىنىشتىن يانمايدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا توسمىنى بۆسۈپ ھەممە يەرنى سۇغا باستۇرۇۋېتىدۇ“ گېزىتكە يەنە خەرىتىنى بېسىپ، گوللاندىيىنىڭ سۇغا باستۇرۇۋېتىلىدىغان جايلىرىغا بەلگە قويۇلغانىدى.

خەرىتىگە قاراپ ھۆكۈم چىقارغاندا، ئامستېردامنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سۇ ئاستىدا قالىدۇ!

مەخپىي ئۆيدىكىلەر مۇزاكىرىگە چۈشۈپ كەتتى. سۇ بىر مېتىر ئۆرلىگەندە بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بەزىلەر ۋېلەسىپىتلىق ياكى پىيادە مېڭىش مۇمكىن ئەمەس، چوقۇم سۇ ئۈزۈش كېرەك دېيىشسە، يەنە بەزىلەر، مۆرىتى كەلگەندە ئىسكىلات ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. شۇڭا بىرەر قېپىق تاپايلى ياكى بالكوندىكى ياغاچ يەشىكلەرنى قېيىق ئورنىدا ئىشلىتەيلى، دېيىشەتتى. بىر قىسمى ياغاچ ئاياغ كىيىپ جىنىمىزنى قۇتۇلدۇرايلى دېيىشەتتى. ئۇ بىر نىمە دەپ، بۇ بىر نىمە دەپ. مۇزاكىرە چاقچاق ئارىلاش رەسمىي يوسۇندا كېتىۋاتاتتى. بولىنىۋاتقان گەپلەر ئاڭلىماققا ناھايىتى قىزىق تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ھەربىر ئادەمنىڭ

كۆڭلى زېغىرچىلىكمۇ خاتىرجەم ئەمەس ئىدى.

كۆپچىلىك ئاخىرى مەيلى قانداقلىقى ئىش يۈز بەرمىسۇن، مۇشۇ يەردە قېلىش، چۈنكى، مۇشۇ يەرلا ئەڭ بىخەتەر، دېگەن قاراشقا بىر دەك قوشۇلدى. گېرمانىيە ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالسا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىر ئامال قىلىپ يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىـ نى چوقۇم گېرمانىيىگە ھەيدەپ كېتىدۇ. گېرمانىيىگە بېرىش بىز ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر.

قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن قالدۇق نەرسىلەرنى دەرھال ھېسابلاپ چىقىپ، يەنە قانچىلىك نەرسە ـ كېرەك تولۇقلاش كېرەكلىكىنى پەرەز قىلدۇق. بىز مۇھىم بۇيۇملارنى تىزىملىككە تۇرغۇزۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ھەربىر كىشىگە تەقسىم قىلىنىۋېتىدىغان، بۇنىڭدىن باشقا بىر نەچچە ھەميان تەييارلايدىغان بولدۇق. بۇنىڭدا نەقپۇللارنى ياندا ساقلاش ئەپلىكرەك ئىدى. كېيىن ئەھۋاللاردا قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيتتى. مەن "تەقدىر"گە ئىشىنىمەن، ھەممە ئىشلارنىڭ ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدىغانلىقىغا چىن پۈتىمەن. چۈنكى يەر شارى مەن بولمىساممۇ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋېرىدۇ!

## ● مېنىڭ باھار كۈنلىرىم

12 ـ فېۋرال، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

باھار قۇياشى كۆكتە نۇر چاچتى، جىمى مەۋجۇدات ھاياتلىقىغا ئېرىشىش كويىدا. قەلبىمدە كۆتۈرۈلگەن ھاياجاننى باسالماي قالـ دىم!

ئاھ! مەن ئەركىنلىككە شۇ قەدەر ئىنتىزار، دوستلارغا ۋە

گۈزەل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىمەن! مەن ھۆجرىدا تىتىلداپ ئۇياق - بۇياق ماڭىمەن. كۆڭلۈم يېرىم. ۋارقىراپ يىغلىغۇم كېلىدۇ! باھار يۈرىكىمنى چەكتى، باھار نۇرلىرىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىشنى ئويلايمەن. بىراق. مەن قانداق كىتابنى ئوقۇشنى. قانداق ماقالە يېزىشنى ۋە قايسى ئىشنى قىلىشنى بىلمەيۋاتىمەن!

13 - فېۋرال، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئەتىگەن ئۆزۈمنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك سەزدىم. چۈنكى پەدەرنىڭ ماڭا پات - پاتلا قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. بۇنىڭ قانداق ئىشلىكىنى بىلمەيمەن. پەقەت ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى سېزىمەن. مەن بۇرۇن پەتىر ماگىنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ يۈرگەنىدىم. ئەمما، بۈگۈن ئىشلارنىڭ ئەسلى بۇنداق ئەمەسلىكىگە كۆزۈم يەتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئىمكان بار ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. لېكىن كۆڭلۈم سىرلىق لەرزە ئىلكىدە تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزۈمگە بۇنداق ھېس - تۇيغۇلارغا مەستانە بوپكەتمەي دەيتتىم، بىراق ئازابلىنىپ يىغلىغۇم كېلەتتى. بۇندىن كېيىن ئۆمىدكە تولغان كۈنلەردىن زېرىكىشلىك كۈنلەر كۆپ بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن!

14 - يانۋار، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئاخشام بالكوندا كىتاب ئوقۇۋاتسام، پەتىر بالكونغا چىقىپ ماڭا ئۆزىنىڭ بايام دىبسېر بىلەن سوقۇشۇپ قالغانلىقىنى دېدى.

ئۇ بايام ماڭا دادام ئىككىمىزدىن باشقىلارنىڭ ئاستىنقى قەۋەتتە كلاسسىك مۇزىكا ئاڭلاۋاتقانلىقىنى دېگەنىدى. دىبسېر

مۇزىكا ئاڭلىغاچ توختىماي غىڭشىپ ئولتۇرغان. پېتىر يېرىم سائەتكىچە چىداپ ئولتۇرۇپ، ئاخىرى بولماي ئۇنى توسقان. دېسسېر ئىنزاغا چىدىماي، چىچاڭشىپ هاكاۋۇرلۇق بىلەن پېتىر-نى ئەيىبلىگەن. پېتىر ئاچچىقىدا شەلپەردەك قىزىرىپ، بويۇن تۇمۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن. تەلىيىگە، ۋېنتان خانىم ئۇنىڭغا بولۇشۇپ سۆزلىگەچكە، دېسسېر نائىلاج جىمىپ قالغان. پېتىر:

— مەن ئادەتتە ناهايىتى ئاز گەپ قىلىمەن. چۈنكى مەن ئاغزىمنىڭ گاللىقىنى بىلىمەن، گەپ قىلىۋېتىپ كېكەچلەپ كې-تىمەن، كېكەچلىسەملا قىزىرىپ كېتىمەن. نەتىجىدە دەيدىغان گېپىمنى تېپىپ قىلالمايمەن. دېمەيدىغان گەپلەرنى بىر تالاي دەۋېتىمەن. شۇڭا مەن سىزگە بەك هەۋەس قىلىمەن. كۆڭلىڭىز-دىكىنى بىراقلا دەۋېتىسىز، قىلچە ياسالمىلىق قىلمايسىز!

— سىز خاتا قىپسىز! مەن سىزگە ئوخشاش سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولۇپلا قالماي، يەنە كوت - كوت دېگەن ئاتاققا قالغانمەن!

بۇ هۇجرىدا بۇرۇقتۇم بولۇۋاتقان ماڭا ئوخشاش "هەمراھ" دىن يەنە بىرسى باركەن ئەمەسمۇ!

16 - فېۋرال، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

بۈگۈن ماگىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەركىن هېس قىلىشى ئۈچۈن ئۆيىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئۆزلۈكىمدىن قىلىشىپ بەردىم.

مەن بالكوندىن ئىككى قېتىم ياڭيۇ ئەپچۈشتۈم. بىرىنچى قېتىم پېتىرنىڭ هۇجرىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە، پېتىر ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلۈمسىرەش ماڭا ئىللىق هەم يېقىملىق تۇيۇلدى. ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىردەم كۆڭۈللۈك

پاراڭلاشتۇق.

گەپ ئارىلىقىدا مەن پېتىرنىڭ ئۆزىنى قاتتىق كەمسۇندۇر-غانلىقىنى بايقىدىم. ئۇ داۋاملىق باشقىلارنى ئۆزىدىن ئەقىللىق، ئۆزىنى دۆت چاغلايدىكەن. ئۇنىڭ موكىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يۇ-رۇشكە ئامراق ئىكەنلىكىنىمۇ سەزدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەتكە بولغان تەلپۈنۈشىنى مۇشۇنىڭ بىلەن بېسىقشا ئورۇنىدىكەن. مەن بەزىدە ئۇنىڭغا فرانسوز تىلىنى ئۆگىنىشىنىڭ ئاز - تولا ئېپىنى ئۆگەتسەم، ئۇ ھەمىشە رەھمەت ئېيتىپ كېتەتتى! مەن ئەتە چوقۇم پۇرسەن تېپىپ ئۇنىڭغا:

— رەھمەت ئېيتماڭ! سىز ئىنگلىز تىلى بىلەن جۇغراپىيىدە مەندىن كۆپ ياخشى! — دەيمەن.

18 - فېۋرال، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

مەن يېقىندىن بېرى پۇرسەت تېپىپ ”ئۇستۇنكى قەۋەت“كە چىقىدىغان، ھەر قېتىم چىققاندا ”ئۇ“نى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

بۇ مېنىڭ مۇھەببەت يولىغا قەدەم قويغانلىقىمنى بىلدۈرمەيدۇ. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىنىش ۋە دوستلۇقنىلا بىلدۈرىدۇ. ماگىنى ھېسابلىمىغاندا، باشقا رىقابەتچىنىڭ بولۇشىدىن غەم قىلمىساممۇ بولىدۇ. ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك ئۇياتچان، ئاغزى گال بالا ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسى. مەن بەزىدە ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەتسەممۇ، ئۇ توختىماي بىر نېمىلەرنى دەپ قالىدۇ!

ئاپام مېنىڭ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشىمنى ياقتۇرمايدۇ. ھەر قېتىم ئۇستۇنكى قەۋەتتىن چۈشكەندە ئاپام مەندىن نەگە بارغانلىقىمنى سورايدۇ. بۇنىڭغا پەقەت چىدىمايمەن. ئۇ پېتىر ئىككىمىزنى ئازىراقمۇ چۈشەنمەيدۇ!

19 - فېۋرال، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

پىتىر بۈگۈن ماڭا ناھايىتى ئادەتتىكى بىر نەچچە ئېغىز گەپ-نى قىلدى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. ھاجەتخانىدا يوشۇرۇنچە بىرھازا يىغلىدىم. قاتتىق ئازابلاندىم. شۇنچە ۋاقىت-تىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈمگە مايىل قىلالماپتىمەن. مەن ئۇنىڭ-غا ئاشىق بولۇپ قالدىممۇ ياكى ئۇ مېنى زادىلا ياقتۇرمامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئالدىمدا پەيدا بولۇشىنى، ماڭا تەسەللىي بېرىشىنى، بېشىمنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىمەن! ئاھ! مېنىڭ ئارزۇيۇم ئۇنىڭ مېھرىلىك قاراشلىرى بىلەنلا چەك-لىنىپ قالامدىغاندۇ؟

23 - فېۋرال، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

تۈنۈگۈن يىغلاپ بولغاندىن كېيىن كەيپىياتىم خېلىلا كۆتۈ-رۈلۈپ قالدى.

بۈگۈن يەنە بالكونغا چىقتىم. پىتىر چوڭقۇر نەپەس ئېلىش ھەرىكىتىنى قىلىۋاتقان ئىكەن. مەن يىراقتا قاراپ، تىپتىنچ سەھەردىن ھۇزۇرلىنىپ بىر چەتتە جىم ئولتۇردۇم. مەن ئاخى-رى كۆككە ۋە تەبىئەتكە ياكى ئاھۇ - زارىم پەرۋاردىگارغا ئاسان يېتىدىغان ھەرقانداق جايغا يېقىن تۇرۇشنىڭ ئىچ پۇشۇقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

27 - فېۋرال، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەن بۈگۈن بىر كۈن كەچكىچە پىتىرنى ئويلىدۇم. مېنىڭ

بۇنىڭدىن باشقا ئىش قىلغۇدەك رەۋىشىممۇ يوق.
ئىككىمىزنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەرلىرى ناھايىتى كۆپ: ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئاپىلىرى تۇزۇك ئەمەس. پېتىرنىڭ ئاپىسى شاللاق، تېتىقسىز، ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن كارى يوق؛ مېنىڭ ئاپام بولسا مېنى ھەممىشە كۆزگە ئىلمايدۇ. پېتىر ئىككىمىزنىڭ ئىچى تىتىلداپ تۇراتتى. ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا بولغان ئىنكاسىمىزمۇ ئالاھىدە سەزگۈرلىشىپ كەتكەنىدى.
ئىلگىرى كەسكىن ئۇسۇل بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتەتتىم، ھازىر كۆرمەسكە سالىدىغان بولدۇم. پېتىرنىڭ ئىنكاسى مېنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ، ئەتىدىن - كەچكىچە گەپ قىلمايدۇ.
ھەي! پېتىر بىلەن قاچان ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلالايمىزكىن؟

28 - فېۋرال، دۈشەنبە
قەدىرلىك چىت:
مەن پېتىرنى ئويلايمەن، لېكىن ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايمەن. كۆڭلۈم بەك يېرىم. ئىلگىرىكى پېتىر بىلەن ھازىرقى پېتىر كۆڭلۈمدە بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. دىلىم بارغانسېرى نازۇكلىشىپ، ئۆزۈمنى بارغانسېرى پەس كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

## ● بىرنى سېتىۋېتەرمۇ

1 - مارت، چارشەنبە
قەدىرلىك چىت:

ئاخشام ئوغرى يەنە كەلدى.

بۇگۇن ئەتىگەن قاق سەھەردە پىتىر بىزگە بىرىنچى قەۋەتكە چۈشىدىغان پەلەمپەيىنىڭ ئارىلىقىدىكى بالىخانا ئىشىكىنىڭ ئوچۇق، ئىشىكتىكى قۇلۇپىنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى، ئىسكىلاتتىكى كىنو قويۇش ئاپپاراتى بىلەن گىرويتىر ئەپەندىنىڭ يېڭى كىتابلارنى سالىدىغان سومكىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى دېدى.

بۇ چاغدا ۋېنتان ئەپەندىمۇ كەلدى. ئۇ ئاخشام يەتتە يېرىملار ئەتراپىدا ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشكەن. ئىشخانا، ئىسكىلات ۋە كلون شىركىتى دىرېكتور ئىشخانىسىنىڭ ئوچۇق ۋە قالايمىقان ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ شۇ چاغدا ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشكەن. لېكىن بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئىشىكى بورۇنقىدەك سولاقلىق تۇرغان. ئۇ يەنە "ئىللى ئىشخانىلارنى جايلاشتۇرشنى ئونتۇپ قالغانمىدۇ" دەپ گۇمان قىلىپ، ئىشخانىدا بىردەم تۇرۇپ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ، مەخپىي ئۆيگە قايتقان.

بىز تەھلىل قىلىپ مۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇق: ئوغرىدا ئاچقۇچ بار. ئۇ ئىككىنچى قەۋەتكە بۇرۇنلا چىقىپ بولغان. ۋېنتان ئەپەندىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ بىر بولۇڭغا مۆكۈۋالغان. ۋېنتان ئەپەندى مەخپىي ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۇ نەرسە - كېرەكلەرنى ئوغرىلاپ، ئىشىكنى ئەتمەي تىكىۋەتكەن.

بىراق، دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچى كىمدە؟ ئۇ نېمىشقا چوڭ ئىسكىلاتقا كىرمەيدۇ؟

ئۇ ئوغرى چوڭ ئىسكىلاتتىكىلەرنىڭ بىرەرسىمىدۇ؟ ئۇ ۋېنتان ئەپەندىنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟ ئۇ ئاخشام ئۆي ئىچىدە مېڭىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالغان بولسا، بىزنى سېتىۋېتەرمۇ؟ بۇ ئىشتىن بىزنىڭ تەنلىرىمىز جۇغۇلداپ كەتتى!

2 ـ مارت، پەيشەنبە
قەدىرلىك چىت:
مەن چىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇۋاتاتتىم. ئىللى ماڭا ئۆزىنىڭ پات ـ پاتلا روھىي چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى، نېمىشقا ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاپام ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەختسىز كىشىلەرنى كۆپرەك ئويلىشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلدى. مەن بۇنىڭ بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى دېدىم. چوڭلار بىر ئېغىزدىن چوڭلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سالماسلىقىمنى ئاگاھلاندۇردى!
ھەي، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر توپ ئەخمەقلەر! ئۇلار كىچىك بالىلارنىڭ ئۆز قارىشى بولماسلىقى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ياشلارنى چۈشەنمەيدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە قەتئىي ئېتىقاد بولمىسا، يارىلانغان يۈرەككە ئەسلا ياردەم بەرگىلى بولمايدۇ! مەن شۇنداق ئويلايمەن، مەنلا ئەمەس، ماگى، پىتىر ۋە ئىللىدىمۇ بۇنداق مۇھەببەت يوق.
پىتىر ئىككىمىز ئۆز قاراشلىرىمىز توغرۇلۇق كۆپ پاراڭلاشتۇق. پىتىر ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىمىزنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمىزدىن ھەيران بولدى. لېكىن ئۇ مېنىڭ دادامنى ئاقلىدى.
— سىز مېنىڭ دادامنى بەك ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدۇم ئۇنىڭدىن.
پىتىر بېشىنى لىڭشىتتى.
— سىزنى داداممۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ، — دېدىم مەن.
— سىز قانداق بىلىسىز؟ — پىتىر پەس ئاۋازدا شۇنداق دەپ بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى.
— مەن بۇنى كىچىككىنە بىر ئىشتىن بايقىغان.

مەن شۇنداق ھېس قىلىمەنكى، پېتىر دادامغا ئوخشايتتى. ھەر ئىككىلىسى ياخشى ئىدى.

3 - مارت، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

مەن كەچقۇرۇن ياشيونى ئاقلاپ بولۇپ، پېتىر بىلەن پاراڭ-لاشقىلى ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتىم. ھاۋا ماڭا بەك ئىسسىق بىلىنىپ كەتكەچكە مەن پېتىرغا:

— ماگى ماڭا سېنىڭ چىرايىڭغا قاراپلا ھاۋانىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى ھاۋا سوغۇق بولسا چىرايىم تاتىرىپ، ئىسسىق بولسىلا قىزىرىپ كېتىدىكەن، — دېدىم.

— سىز مۇھەببەتلىشىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى پېتىر تۇيۇقسىز.

— نېمىدەپ مۇھەببەتلىشىدىكەنمەن؟ — بۇ گەپ ئاغزىمدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى، مەن شۇندىلا بۇنداق جاۋابنىڭ ھەقىقەتەن ھاماقەتلەرچە بېرىلگەن جاۋاب ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— مۇھەببەتلىشىش يامان ئىش ئەمەسقۇ.

پېتىرنىڭ نېمە مەقسەتتە بۇنداق دېگەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ. مەن يورەكلىك ھالدا ئۇنىڭدىن سوئال سوراشنى داۋام قىلىپ:

— مېنىڭ گېپىم سىزگە سەل چەكتىن ئېشىپ كەتكەندەك تۇيۇلمىدىمۇ؟

— ياقەي! مەن گېپىڭىزنى ئاڭلاشقا بەك ئامراق!

مەن ئۆزۈمنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىمغا ئىشەندىم، قەلبىم بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا تولدى. پېتىر ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك يىگىت!

4 ـ مارت، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

دادام ئەتىگەن بالكوندا پىتىرغا ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىۋاتات‐تى. مەن پەرتۇق ئالغىلى ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ، فرانسوز تىلىغا دائىر بىر نەچچە تۇرلۇك مەسىلە ھەققىدە دادام بىلەن مۇھا‐كىمە قىلىشتۇق. كېيىن بىز بىرلىكتە ئىنگلىز تىلىدا سۆزلە‐شىشنى مەشىق قىلدۇق. مەشىق ئاخىرىسىدا، دادام دىككىنس‐نىڭ ھېكايىسىدىن بىر ئابزاسنى ئېيتىپ بەردى. مەن شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتىم.

مەن چۇشتە پاراڭلاشقىلى پىتىرنىڭ يېنىغا يەنە كىردىم. ۋېنتان خانىم مەسخىرە ئارىلاش:

— ئۇستۇنكى قەۋەتتە ئىككىڭلاردىن باشقا ئادەم بولمىسا، سىلەردىن خاتىرجەم بولغىلى بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. سىز مېنىڭ غۇرۇرۇمغا تەگمەڭ! — دەپ ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۇردۇم.

6 ـ مارت، دۇشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ۋېنتان خانىم ئاخشام ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا پىتىرنى مەنمەن‐چى، دەپ مازاق قىلدى. پىتىر ئاچچىقىغا چىدىماي ئۆزىنىڭ دوست تۇتماستىن مەڭگۇ تەنھا ئۆتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ كىشىلەر نېمىشقا مۇشۇنداق كوت ـ كوت؟ ئۇلار ئىچى كۇچلۇك پىتىرنىڭ مازاق قىلىشلارغا چىدىيالماي تېخىمۇ جىم‐غۇرلىشىپ نېرۋىسىنىڭ كاردىن چىقىپ كېتىشىنى ئۇمىد قىلا‐دىغاندۇ؟

بىچارە پىتىر، ئۇنىڭ دەردىمۇ مېنىڭكىدەك كۆپ، لېكىن ئۇ كەيپىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىشنى خالايدۇ. شۇڭا مەندىن

ئۆزىنى قاچۇردۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ساددا ھەم تۈزلىكى بىلەن مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

7 ـ مارت، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەن كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىمنى ۋاراقلاپ، 1942 ـ يىلدىن بۇيانقى تۇرمۇشۇمنى ئەسلەپ، ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىمغا نەزەر تاشلىدىم.

مەن 1942 ـ يىلدىن بۇرۇن جەننەتتە ياشىغاندەك ياشىغان ئىكەنمەن. ئەتراپىمدا بىر توپ دوستلىرىم بار ئىدى. مۇئەللىمىم ماڭا كۆيۈنەتتى. مېنى دادام بىلەن ئاپام تولىمۇ ئەتىۋارلايتتى. پارچە ـ پۇرات پۇل ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكلەر ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ باقمىغان.

پىتىر مېنىڭ ناھايىتى ”جەزبىلىك“ ئىكەنلىكىمنى دەيتتى. شۇڭا مەن ھەممىلا يەردە قارشى ئېلىنىشقا سازاۋەر بولاتتىم. مۇئەللىممۇ مېنى گەپدان، قىزىق سۆزلەيدۇ، خۇشخۇي، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايىدىن پات ـ پاتلا گۇمانلىق ئىپادە كەتمەيدۇ، دەپ ماختايتتى. مېنىڭ بۇ تەرەپلىرىم ئۇلارغا سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى ئىشتا ئەستايىدىل، مۇئامىلىدە سەمىمىي، مەرد ھەم كەمتەر ھېسابلايتتىم.

مۇنداقچە ئېيتسام، شۇ چاغلاردا داۋاملىق غىربىچىلىق ۋە ئىچ پۇشۇقى تارتىپ، كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا كۈنلىرىمنى ھىجىيىپ ئۆتكۈزدۇم. ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئەمدى ھەرگىز ئەسلىمەيمەن.

تۇرمۇشتا بوھران يۈز بەردى. بىز جېنىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن بۇ يەرگە كۆچۈپ كىرىشكە مەجبۇر بولدۇق. تەگسىش ۋە توقۇنۇشلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن سادىر بولىدىغانلىقىنى ئويلى-

مىغانلىكەنمىز. مەن ھەيران بولدۇم، تەشۋىشلەندىم ۋە ئازابلاندىم. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە نائىلاج ناچار پوزىتسىيە بىلەن ئۇرۇش ئېلان قىلدىم.

مەن 1943 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھەمىشە يىغلاپ يۈردۈم. بەك زېرىكىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. لېكىن ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن كەمچىلىكلىرىمنى مۇشۇ چاغدا بارا - بارا بايقاشقا باشلىدىم. دادامنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇشقا تىرىشتىم. ئەمما مەغلۇپ بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئامالنىڭ بارىچە باشقىلارنىڭ مېنى ئەيىبلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇندۇم. چۈنكى ئەيىبلەشلەر مېنى ئىنتايىن مەيۈسلەندۈرۈۋەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئۆزۈمنىڭ زادى قانداق تۇرمۇشنى خالايدىغانلىقىمنى ئىگىلەشكە تىرىشتىم.

كېيىنكى يېرىم يىلدا ياش قىزغا ئايلاندىم. چوڭلار ماڭا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. بارا - بارا ئۆزۈمگە ئىشىنىدىغان، ئىشلارنى ئۆزۈمنىڭ پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدۇم. لېكىن، ئەڭ قەدىرلىك دادامغىمۇ ئىشەنمەس بولۇپ قالغانلىقىمنى بايقىدىم؛ مەن ئەمدى ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيمەن.

قەلبىمدىكى ئىنتىزارلىق بۇ يىل يىلنىڭ بېشىدا ماڭا چوڭ شۇمدە ئايان بولدى. مەن مۇھەببەتكە تەلپۈندۈم. بۇ بىر تۇرلۇك خۇشال تۇيغۇ ئىدى. مەندە گۈزەل ۋە ئىزگۇ شەيئىلەرگە نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولدى.

ماڭا ساغلام تەن ۋە پىتىنىڭ مۇھەببىتىنى نېسىپ قىلغان پەرۋەردىگارغا ھەشقاللا! مەن شۇنچىۋالا دەرد - ئەلەم تارتقان بولساممۇ قانداق كۈلۈشنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. قولاق بىلەن قانداق ئاڭلاشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئۆزۈمنىڭ سەمىمىي ۋە ساددا مىجەزىمى

نى يەنىلا ئۆزگەرتمىدىم.

بەختسىزلىك ئاۋۋالقىدەكلا مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇنى كۆنبويى ئويلاپ يۈرمەيتتىم. چۈنكى ئويلىغانسېرى مەندە ياشاش جاسارىتى قالمايتتى. مۇمكىن بولسا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ”سىرتلارغا چىقىپ، تەبىئەتتىكى بارلىق گۈزەل شەيئىلەردىن ھۇزۇر ئالىمەن!“ مەھرۇم بولغان بەختىمنى تەبىئەت قوينىدىن تېپىۋالىدىغانلىقىمغا جەزمەن ئىشىنىمەن. چۈنكى تەبىئەتتە پەرۋەردىگارنىڭ مۇھەببىتى بار! خۇشخۇي ئادەملەرلا باشقىلارنى خۇشال قىلالايدۇ. ئىشەنچ ۋە جاسارەتكە ئىگە ئادەملەرنى بەختسىزلىكلەر ھەرگىز تۇگەشتۈرۈۋېتەلمەيدۇ.

تۇرمۇش دائىرىسى تارىيىپ كەتتى. بىراق، مەن ئۆزۈمنىڭ مۇھەببەت ۋە غايىگە ئىگە ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن!

12 - مارت، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

يېقىندىن بېرى كۆڭۈل توختىتالمايدىغان، پىتىرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىم كېلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ ئائىلىسى توغرۇلۇق نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ماڭا يەنىلا ئازلىق قىلاتتى. بۇرۇنقى مەن بىلەن ھازىرقى مەننىڭ پەرقى قانچىلىك چوڭ، ئۇنىڭدا چوڭ روھىي ئۆزگىرىش بارمۇ - يوق؟ مۇشۇ ھەقتە ئويلىناتتىم. ئەگەر بىز سىرداش بولۇپ قالساق، بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى؛ ئۇنداق بولمىسا، پات - پات يۈز كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىپ تۇرۇشقا، قىممەتلىك دوستلۇقتىن ئاز - تولا بەھرە ئېلىشقىمۇ رازى ئىدىم.

ماگى ئاق كۆڭۈل، يېقىملىق قىز. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىمنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن كۆڭۈل سىرلىرىمنى ھازىرچە ئۇنىڭغا ئېيتالمايمەن. چۈنكى ئۇ مېنىڭ گېپىمگە تولىمۇ ئەستا-

يەدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. بىر كىشىگە ئىشىنىشتىن ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ ماڭا ھەمىشە باشقىچە قاراشتا بولۇشىنى ئۈمىد قىلماي-مەن. ھەي، كۆڭۈل تۇگۇچلىرىمنى يەشكۈدەك ئادەمنى قاچان تاپارمەن؟

14 ـ مارت، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

بىزنى يېمەكلىك بېرىلىدىغان بېلەت بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەم قولغا ئېلىندى. بىزدە بەش تاللا بېلەت قالدى. كوفوس ئەپەندى بىلەن مىربو ئاغرىپ قالدى. ئىلگىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بىزگە نەرسە ـ كېرەك ئەكىرىپ بېرىشكە ئۇنىڭ ۋاقتى چىقمايتتى. ئەتىدىن باشلاپ بىزدە ئازىراقمۇ چۇشقا گۆشى، ماي ۋە سارماي قالمايتتى. كەچلىك تاماقتا بىر يىل ساقلانغان كۆك-تات يېدۇق. يۇمشاق پىشۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يەنىلا بىرخىل پۇراق چىقىپ تۇراتتى! لېكىن بىز يېمەكلىكتىن كەيپى-يات مۇھىم دەپ ھېسابلايتتۇق!

ۋېنتان خانىم بىزنىڭ قالدۇرۇق ئاشلىقىمىزنى ئويلىغان ھامان: ”قۇشناچىمنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان موللامنىڭ ئوتيېشى“ دەپ بىزدىن رەنجىيتتى. ئۇ بىزنى، سىلەر پات ئارىدا ئاچلىقتا ئۆلۈپ كېتىسىلەر، دەيتتى! ئۇ ئاچچىقى كېلىپ قالسىلا، ھەممە ئادەمگە نەشتىرىنى سانجىيتتى.

ۋېنتان ئەپەندى چېكىدىغان تاماكىسى بولسىلا، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايتتى. تاماكىسى قالمىسا خوتۇنى بىلەن سوقۇشاتتى.

ئاپام: ۋېنتان خانىمنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، ۋېنى-تان ئەپەندىنى ئاللىبۇرۇن تاماكا تاشلاتقۇزاتتىم. دېدى ھەم مۇ-شۇ ئاي ـ مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭمۇ بىر تال تاماكا چەككۈسى كېلىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ قويدى.

دادام مۇشۇ ياڭيۇغىمۇ شۇكرى قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.
تى. ئۇ ھەممە نەرسىگە ئۈمىدۋار ئىدى.

دېسسېر ھەركۈنى بىرلىپ، ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. ئۇ
ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى، بىز بەك خاتىرجەم، دەپ ھېسابلايتتى.

15 - مارت، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

گرويتىر ئەپەندى تۈنۈگۈن خەندەك كولاشقا چاقىرتىپ كې-
تىلدى. ئىللى ئېغىر زۇكام بولۇپ قالدى. مىربو ساقىيىپ
كېتەلمىدى. كوفوس ئەپەندى ئاشقازىنى قاناپ، ھوشىدىن كەتكە-
نىدى. چوڭ ئىسكىلاتتىكىلەر ئەتە بىركۈن دەم ئالىدۇ.

يوك تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن بىزنى يوقلاپ كەلدى. كۆپ-
چىلىك ھېكايە ئېيتىۋاتقان مومايىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان كىچىك
باللاردەك ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. يوك مىربونىڭ دوختۇرىنى
تىلغا ئېلىپ:

— دوختۇر بەك ئالدىراش ئىكەن! مەن تېلېفون بەردىم.
دوختۇر ياردەمچىسىنى تېلېفون ئېلىشقا بۇيرۇدى: ياردەمچىسى
مەندىن كېسەل ئەھۋالىنى سورىدى ۋە مېنىڭ ئەتە ئەتىگەندە
كېلىپ دورا ئېلىشىمنى ئېيتتى. قاراڭلار، بۇنداق خىزمەت
ئۇنۇمى ياخشىمىكەن؟ — دېدى.

ھەقىقەتەن شۇنداق، بىمارلار كۆپ، دوختۇرلار ئاز بولغۇنكى
كۈندە، دوختۇرلارنىڭ ئۇسۇلىنى تەنقىدلىمەسلىكىمىز كېرەك.
بىراق يوكنىڭ يەكۈنىنى ئاڭلاپ، ئۆزىمىزنى تۇتالماي، قاقاقلاپ
كۈلۈپ كەتتۇق.

16 ـ مارت، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەندە ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىش ئىستىكى يەنە قوزغالدى!

ئۆزۈمنىڭ پىتىردىن بەكرەك تىتىلدايدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى ئاخىرى چۈشەندىم. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە تەۋە ھۇجرىدا ئىشلىيەلەيتتى. خىيال سۈرەلەيتتى ۋە پىكىر قىلالايتتى. ئەمما مەن مۇشۇ "ئىككى كىشىلىك ھۇجرا"دا چىداپ ئولتۇراتتىم. مەن ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ دوست تاپالايتتىم، بىرەر يېرىمدەم دەم ئېلىشىمغا ھېچكىم دەخلى قىلالمايتتى.

ئاھ، مېنىڭ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقمايدىغان كۈنلىرىم يوق ئىدى! مەن بەك ساراڭلىشىپ كەتتىممۇ ـ قانداق؟ مۇشۇ دەۋر، مۇشۇ مۇھىتتا ساراڭلاشماي مۇمكىنمۇ؟ بۇ دەۋر كەمسۆز پىتىرنى ياخشى كۆرۈپ، جاۋىلداق ئانىنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟ ئۇ ھەقىقىي ئانىنى چۈشىنەمدۇ؟ كونىلار "مۇھەببەت رەھىمدىللىقتىن باشلىنىدۇ" دېگەنىكەن. پىتىرغا رەھىمىم كېلىپ قالغانلىقتىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىممۇ قانداق؟ ھەي، بۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇق قانداق ئېغىز ئاچقىلى بولار؟

17 ـ مارت، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

سوت ئاخىرى گىرويتىر ئەپەندىنى ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىشتىن خالاس قىلدى. ئىللىمۇ زۇكامدىن ساقايدى.

ماگى ئىككىمىز دادام بىلەن ئاپامنىڭ كۈنبويى بىزگە كۆز ـ قۇلاق بولۇشىدىن بىزار بولدۇق. بىز ئازراق مۇستەقىل ياشاشنى خالايتتۇق.

ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە ئاپامدىن ياخشى ئىكەنلىكىم

كۆڭلۈمگە ناھايىتى ئايان ئىدى. مەسىلەن، ئىشلارنى تەھلىل قىلىش ۋە مۇنازىرىلىشىشتە مەن ئاپامدىن يامان ئىدىم. مەندە بىر تەرەپلىمە قاراش يوق ئىدى. ماختانمايتتىم. نېمە ئىش بولسا، شۇ ئىشنى دەل ۋاقتىدا دەپلا قالماستىن، بەلكى تۈرلۈك سوئاللارغىمۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلەيتتىم. ئەگەر بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالسام شۇ ئادەمنى دەرھال ھۆرمەتلەيتتىم ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتىم!

19 - مارت، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

تۈنۈگۈن مەن ئۈچۈن خاتىرىلەشكە تېگىشلىك كۈن. مەن ئاخىرى پېتىر بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەشتىم. ئەمدى بۇ كۆڭۈللۈك سۆھبەتنىڭ جەريانىنى بايان قىلىمەن:

مەن پېتىرغا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولغانلىقىمنى دېدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا پاراڭلىشىشقا كېلىشتۇق. پېتىر ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىۋېتىپ، ئۆزى دېرىزىنىڭ سول تەرىپىدە، مەن ئوڭ تەرىپىدە تۇردۇم. چىراغنى ياقماي، قاراڭغۇدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. قىزىق ئىش، كىشى ئېچكى سىرلىرىنى يورۇقتا قارىغاندا قاراڭغۇدا بەك ئاسان دەپ سالىدىكەن. پېتىرنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

بىز نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەشتۇق. بۇ مەن مۇشۇ مەخپىي ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن بۇيان ماڭا ئەڭ كۆڭۈللۈك تۇيۇلغان كېچە ئىدى. بىز گەپنى مەخپىي ئۆيدىكىلەرنىڭ گەپ تەگكىشىپ قېلىشىدىن باشلىدۇق. باشقىلارغا بولغان قاراشلىرىمىز، ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن بولغان ئارازلىقلار توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق. پېتىر مەندىن:

— سىلەردە ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىر - بىرىڭلارغا ياخشى چۈش تىلەپ، سۆيۈشىدىغان ئادەت بارمۇ؟

— بار! سىلەرنىڭ ئائىلىدە بۇنداق ئادەت يوقمۇ؟

— يوق. تۇغۇلغان كۈندىن باشقا چاغدا، مەن ھېچكىمنى سۆيۈپ باقمىغان.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاچا - سىڭىل ئىككىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز پاراڭلىشىدىغانلىقىمىزنى، ئاتا - ئانىمىزغا ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىمىزنى، پات - پاتلا يوتقانغا پۈركىنىپ قاتتىق يىغلايدىغانلىقىمنى دەپ بەردىم. ئۇمۇ ماڭا ئاتا - ئانىسىدىن بىزار بولغاچقا، كۈنبويى بالكونغا سولىنىۋالىدىغانلىقىنى دېدى. بىز يەنە مەخپىي ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن بىر - بىرىمىزگە بولغان قاراشلىرىمىزدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقى توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق. يېڭى كۆچۈپ كەلگەندە مەن پېتىرغا ۋاق - ۋاق ھەم جاھىل كۆرۈنۈپ كەتكەنىكەنمەن. پېتىرمۇ ماڭا ناھايىتى ھورۇن تۇيۇلغانىدى. ئۇ چاغدا بىز بىر - بىرىمىزگە ئۆچ ئىدۇق ھەم بىر - بىرىمىزگە ئارىلىشىشنىمۇ خالىمايتتۇق. كېيىن بىر - بىرىمىز بىلەن پاراڭلىشىشقا خۇشتار بولۇپ قالىدىغانلىقىمىزنى، نۇرغۇن تەرەپلەردە خاراكتېرىمىزنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىغانلىقىمىز خىيالىمىزغا كەلمىگەنىكەن.

مەن تىنچلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشتىن باشقا ئىش قىلمايدىغانلىقىمنى، ناۋادا ئۇنىڭغا دوست لازىم بولسا، ياردەم بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىمنى دېدىم.

— سىز ماڭا داۋاملىق ياردەم بېرىۋاتىسىزغۇ! — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ بۇنداق جاۋاب بېرىشىنى كۈتمىگەنىدىم.

— نېمە؟ سىزگە قانداق ياردەم قىلدىم؟ — دېدىم مەن



ئۇنىڭغا سەل گاڭگىرىغان ھالدا.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ خۇشال كەيپىياتىڭىز بىلەن ماڭا ئىنتايىن كۆپ ياردەم قىلدىڭىزغۇ!

پاھ، نېمىدېگەن تاتلىق گەپ بۇ! مېنىڭ بۇ چاغدىكى شادلىقىمنى قەلەم ۋە سىياھ بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

## ● ئاچامدىن خەت كەلدى

20 ـ مارت، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

پېتىر ئەتىگەن مەندىن بىر كەچقۇرۇنلۇقى مېنىڭ ئۆزى بىلەن يەنە پاراڭلاشقۇم بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆيدىكىلەرنىڭ مېنىڭ ئۇنىڭكىگە كىرىشىمنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. بىز شەنبە كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى پاراڭلىشىدىغان بولدۇق.

پېتىرنى ماگىمۇ ياخشى كۆرەتتى، لېكىن بىلمىدۈرمەيتتى. ماگىنىڭ پېتىرنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ. پېتىر بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغانلىقىمنى ئۇقسا، ئۇ چوقۇم ئازابلىنىپ كېتەرمىكىن؟ ئۇ خەيرىخاھلىققا موھتاج ئەمەستەك ھېسسىياتىنى چىرايىغا چىقارمايدۇ.

ئاپام ئاخشام پېتىرنىڭ ئىشى توغرۇلۇق ماڭا يەنە بىرمۇنچە ۋاتىلدىدى. يېقىندىن بېرى داداممۇ ماڭا كىچىك بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ماگى بۈگۈن ماڭا خەت يازدى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەپتۇ:

قەدىرلىك ئاننى:

مەن ساڭا ھەسەت قىلمايمەن، پېتىر غىمۇ ھەم شۇ. سېنىڭ سەن بىلەن مۇڭدىشالايدىغان ھەم سەن بىلەن چىقىشالايدىغان دوست تاپقىنىڭنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم؛ بىراق بۇ مېنىڭ ئىشىم. ئەنسىرەپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. پېتىر ئىككىڭلارنىڭ دوستلۇقىنى مۇبارەكلەيمەن!

ماگى

مەن ماگىغا مۇنداق جاۋاب خەت يازدىم:

قەدىرلىك ماگى:

كۆيۈنۈشكە تولغان خېتىڭدىن مېھرىبانلىقنى سەزدىم. ئەمما خېتىڭنى ئوقۇپ خۇش بولۇپ كەتمىدىم! پېتىر ئىككىمىز مۇڭداشقۇدەك، ۋەدىلەشكۇدەك دەرىجىگە يەتمىدۇق. بىز گۇڭگا تۈن قوينىدا يۇمشاق ئاۋازدا كۆڭۈل سىرلىرىمىزنى ئىزھار قىلىشنىڭ ئاسانلىقىنىلا بايقىدۇق. ناۋادا سەن خالىساڭ، سەنمۇ پېتىرنىڭ دوستى ياكى ئاچىسى بولالايسەن. ئىشىنىشىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇما!

بىز خەت يۇزىدە ناھايىتى ئوبدان پاراڭلىشالىغۇدەكمىز. ماڭا يەنە خەت يازغىن. بىلەمسەن؟ مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ساڭا ۋە دادامغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل مىجەزلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم!

ئاننى

22 ـ مارت، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەن ئاخشام ئاچامنىڭ يەنە بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋال-دىم. خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك:

قەدىرلىك ئاننى:

مېنى دەپ كۆڭۈلسىز تۇيغۇدا بولۇپ يۈرمەي، ساڭا مەنسۇپ بولغان دوستلۇقتىن قانغۇچە بەھرىمەن بولغىن! مەندە پېتىرغا نىسبەتەن ئاچا ـ ئىنىلىق مۇھەببەت بار. لېكىن تەرەققىي قىلىپ مۇھەببەت باس-قۇچىغا يەتكىنى يوق.

مېنى ئويلىما، كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى!

ماگى

بۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ كۆڭلۈمگە مەخپىي ئۆيدە پات يېقىندا چىرايلىق مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئايان بول-دى! پېتىرنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ماگىمۇ ھېس قىپ-تۇ. مېنى قايسى دەرىجىدە ياخشى كۆرىدۇ، مېنى قانداق تۇردىكى قىز قاتارىدا كۆرىدۇ، بۇ ماڭا ھېلىھەم نامەلۇم.

چىت! سەن غەم قىلما. مەن ئۇنىڭغا تېگىشكە ئالدىرىماي-مەن. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز تەرەققىي قىلىپ توي قىلىش دەرى-جىسىگە بارامدۇ ـ يوق، بۇنىڭغا ھېچقايسىمىز بىرنەرسە دېيەل-مەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە پېتىر كەلگۈسىدە قانداقراق ئادەم بولى-دۇ. ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن.

مەن تۈنۈگۈن پېتىردىن ئەگەر مۇشۇ يەردىكى بىرسى سىزنى

مېنىڭ ئورنۇمدا ئىزدەپ قالسا، سىز قانداق قىلىسىز؟ دەپ سورىدۇم.
— شۇلارنىڭ ھەر بىرسى سىزدەك بولسا، ياخشى بولاتتى! — دېدى ئۇ.
مەن ئۇنىڭ بۇنداق جاۋاب بېرىشىنى ئويلىمىغانىدىم.
قارا، پېتىر مانا مۇشۇنداق ئوماق!
مەن ماگىغا مۇنداق جاۋاب خەت يازدىم:

قەدىرلىك ماگى:
پېتىر ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى ئۆز يولىدا كې-تىۋەرسۇن! ۋاقتىڭ بولسا سېنىڭمۇ بالكونغا چىقىپ، پارىڭىمىزغا داخىل بولۇشۇڭنى قارشى ئالىمىز.
پېتىر ئىككىمىز ئارىسىدا مۇنداق بىر توختام بار. پارىڭىمىزنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن باشلاي-مىز. غەيرەتكە كېلىپ ماڭا ئوخشاش قىلىشىڭنى سو-رايمەن. گەرچە بۇنداق قىلماق ئانچە ئاسان بولمىسى-مۇ، لېكىن باشلاپلىۋالساڭ ئاسان!
ئاننى

23 ـ مارت، پەيشەنبە
قەدىرلىك چىت:
بىزنى يېمەك ـ ئىچمەك بېلىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەم ئاخىرى قويۇپ بېرىلدى! مىربو تۈنۈگۈندىن تارتىپ ئىشقا چۈش-تى. كوفوس ئەپەندى يەنە بىر مەزگىل كۈتۈندۇ، ھەممە ئىش بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.
تۈنۈگۈن بىر ئايروپىلان يېقىن ئەتراپتىكى بىر مەكتەپنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ پاچاقلىنىپ كېتىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، مەكتەپ-

تە ئوقۇغۇچىلار يوق ئىكەن، ئازىراق ئوت ئاپتى يۈز بېرىپ، ئىككى ئادەم قازا قىپتۇ. ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ پاراشوت بىلەن سەكرەپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالغان گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۇلارنى غالجىرلارچە پىلىموت ئوقىغا تۇتۇپتۇ. بىز ئۇلارنىڭ رەزىل قىلمىشىدىن ئىنتايىن غەزەپلەندۇق.

مەن يېقىندىن بېرى پېتىرنىڭ ھۇجرىسىغا كىرسەملا دېسە-سېر بىلەن ۋېنتان خانىم كۇسۇرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ھەمىشە: ”قاراڭ، ئۇ ئانىنىڭ ئىككىنچى ھۇجرىسى!“، ياكى: ”بىر ئوغۇلبالا قاپىراڭغۇدا بىر قىزنى كۈتىدۇ، بۇنداق قىلسا مۇۋاپىق بولامدۇ؟“ دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق گەپلىرىگە پېتىر ئىككى-مىز پەرۋا قىلمايمىز.

پېتىر تۈنۈگۈن ماڭا مېنى ئۇچۇرىدىغان گەپلەرنى قىلدى. بۇنىڭ يېزىۋېلىشقا ئەرزىگۇدەك گەپلەر ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

— ئاننى! كۈلگە! بۈگۈن نېمىشقا كۈلمەيسىز؟

— سىز ھەمىشە مېنى كۈلۈڭ دەيسىز، نېمىشقا شۇنداق دەيسىز؟

— چۈنكى مەن سىزنىڭ كۈلكىڭىزگە ئامراق، سىز كۈلگەن چاغدا زىناقلىرىڭىز بەك ئوماقلىشىپ كېتىدۇ. مېنىڭ تولىمۇ مەستلىكىم كېلىدۇ!

— ھە، زىناق تۇرەلگەن چېغىمدىن تارتىپ بار! ئېڭىكىمە-نىڭ ئاستىدا يەنە بىر زىناق بار. مېنىڭ ئەڭ چىرايلىق يېرىم مۇشۇ!

— يالغان! سىزگە كىم شۇنداق دەيدۇ؟

مەن ئۆزۈمنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئۆزۈمنىڭ دېگەندەك چىرايلىق ئەمەسلىكىم ئۆزۈمگە ئايان. بۇرۇن شۇنداق ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ! چىرايلىقراق زىناقنىڭ بول-غىنىمۇ ياخشى!

— سىزنىڭ قارشىڭىزغا قوشۇلمايمەن! سىز ناھايىتى چىد-
ىرايلىق، بۇ سىزنى ئۇچۇرغانلىق ئەمەس!
ئەلۋەتتە! بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ يىتىرغا ئۇنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى دېدىم!

27 - مارت، يەكشەنبە
قەدىرلىك چىت:
سىياسىي مەسىلە — مەخپىي ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم سۆز تېمىسى بولۇپ قالدى. لېكىن مەن قىزىقمايمەن. بۇ توغرۇلۇق ناھايىتى ئاز گەپ قىلىمەن.
سىياسىغا قارىتا ھەربىر ئادەمنىڭ ئوخشاش پىكىردە بولۇشى ناتايىن. مېنىڭ قارىشىم مۇنداق: مەيلى پەرەز، مەسخىرە، تىل - ھاقارەت ۋە ئاغرىنىش ياكى ئۆز پىكىرىنى بايان قىلىش بولسۇن، بۇنىڭ ھېچۋەقەسى يوق، جېدەل - ماجىرا بولمىسىلا بولدى! چۈنكى جېدەل - ماجىرا بولسا ناھايىتى كۆڭۈلسىز ئىش بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ نېمە پايدىسى؟
مەن بۇ يەردە مۇنداق بىر قىزىق ھالەتنى بايقىدىم. ناۋادا بىرسى سىياسىغا مۇناسىۋەتلىك ئازىراق گەپ قىلىپ قويسا، شۇئان باش - ئايىغى چىقمايدىغان بەس - مۇنازىرە باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇ كۆپ تەكرارلانغان ئىش! مەن تىنچلىقنى ئەلا بىلىپ بۇنداق بەس - مۇنازىرىلەرگە ئارىلىشىشنى خالىمايمەن.

28 - مارت، سەيشەنبە
قەدىرلىك چىت:
دۈگۈن ساڭا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى دەپ بېرىمەن:
بىرسى، ئاپام مېنى پىتىرنىڭ يېنىغا ئازىراق چىق، دېدى.

چۈنكى ۋىنتان خانىم كۈندەشلىك قىلىدىكەن. ئىككىنچىسى، پىتىر ماگىنى سۆھبىتىمىزگە داخىل بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. پىتىر ماگىنى ئەدەپ يۈزىسىدىن تەكلىپ قىلدىمۇ ياكى ئۇلار شۇنداق ۋەدىلەشكەنمۇ، بىلمەيمەن. ئۈچىنچىسى، دادام مېنىڭ داۋاملىق پىتىر بىلەن بولۇشۇمغا قارشى تۇرمايدۇ. ئۇ بۇنى ناھايىتى ياخشى ئەھۋال دەپ بىلىدۇ.

ئاپام پىتىر سىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ سىنىڭدىن پەقەت كۆزلىرىنى ئۇزەلمەيدۇ دېدى. ئەسلىدە پىتىر ئىككىمىز دېيىشكىنىمىز بويىچە ھەممىشە كۆز بېقىشىمىز. مېنىڭچە، ئاپام كۆنلەپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن قورقمايمەن. پە-تىر خۇش بولسىلا بولدى، مەن پىتىر بىلەن بىللە بولغان چاغدىكى ھېلىقى تۇيغۇغا ئامراق.

راستىنى ئېيتسام، مەن پىتىرنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىن مېنى بېسىپ چۈشۈشىنى ئارزۇ قىلمەن!

29 ـ مارت، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

گوللاندىيە تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىدىغان رادىئودا ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسىدىكى بورگېرتان ئۇرۇشتىن كېيىن ھەرخىل كۈن-دىلىك خاتىرە ۋە خەت ـ چەكلەرنى يىغىشنى تەكلىپ قىپتۇ. شۇنداق بولسا، ئۇلار مېنىڭ كۈندىلىك خاتىرەمگە قىزىقىپ قالامدۇ تېخى؟ كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى «مەخپىي ئۆيدىكى رومانتى-كا» ناملىق كىتابنى چىقىرىپ قېلىشىم مۇمكىن. ئۇ، نېمىدې-گەن قىزىق! بۇ كىتابنىڭ تېمىسىلا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلى-دۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ يەرگە يوشۇرۇنغان يەھۇدىيلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئون يىلدىن كېيىن ئېلان قىلىنسا، تېخىمۇ قىزىقارلىق بولىدۇ!

چىت، بۇ يەردە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنى ساڭا دېگەن بولساممۇ، لېكىن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى سەن تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيسەن. ناۋادا ساڭا تەپسىلىي دېيىش توغرا كەلسە، مەن بىر كۈن كەچكىچە خاتىرە يازسام بولىدۇ.

هازىر كىشىلەر كەرەپشە ياكى باشقا نەرسە ئېلىش ئۈچۈن ئۆزۈن ئۆچىرەتتە تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە ئۆيگە قارايدىغان ئادەم قېلىشى كېرەك. چۈنكى ئۆيدە ئادەم بولمىسا، ئۆيگە شۇئان ئوغرى تېگىدۇ. سەنمۇ گوللاندىيىدە نې- مىشقا بىردىنلا ئوغرى كۆپىيىپ كەتتى، دەپ سورىشىڭ مۇم- كىن. بۇ ئاچارچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەتتا ئون ياش ئەتراپىدىكى باللارمۇ كىشىلەرنىڭ دېرىزىدە ئەينەكلىرىنى چېقىپ ئوغرىلىق قىلىدۇ! گېزىتلەرگە ھەر كۈنى دېگۈدەك يوقاپ كەت- كەن نەرسىلەرنى ئىزدەش توغرىسىدىكى ئېلانلار بېرىلىدۇ. ئام- مىۋى تېلېفونلار ۋە كوچىلاردىكى يوغان سائەتلەرمۇ سۆكۈپ ئېلىپ كېتىلگەن. ئادەملەر ناھايىتى ئەخلاقسىزلىشىپ كەتكەن- دى.

31 - مارت، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ھاۋا بۇرۇنقىدەكلا سوغۇق، بىر ئايدىن ئاشتى، خەقلەرنىڭ قالايدىغان كۆمۈرىمۇ يوق.

كۆپچىلىك سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدىنقى سېپىدىن ناھايىتى ئۈمىدلىنىدۇ. ئىتتىپاقداش ئارمىيە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ پولشا چېگرىسىغا يېتىپ باردى ھەم رومىنىيىنىڭ پرۇت دەرياسى ۋادىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئودېسسانى ئېلىش ئالدىدا تۇرات- تى. ئەمما گېرمانىيە ئارمىيىسى ۋېنگرىيىنى بېسىۋالدى. ۋېنگ- رىيىدىكى بىر مىليون يەھۇدى ئېچىنىشلىق قىسمەتكە دۇچار

بولغاندۇر، بەلكىم.

پېتىر ئىككىمىزگە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى چۈشمەيدىغان بو-لۇپ قالدى. ھازىر ئىككىمىز ياخشى دوست، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىزنىڭ دېيىشمەيدىغان گېپىمىز يوق. مەسىلەن، بىز قان تومۇرلۇق پاراڭلىشىۋېتىپ، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئاي كۆرىدىغان ئىشىنى تىلغا ئېلىپ قالىمىز. بۇ چاغدا پېتىر: "ئايال بولماق نېمىدېگەن جاپالىق - ھە!" دەيدۇ. مەن پەرۋەردىگار مېنى بۇن-دىن كېيىن غېرىبسىندۇرمايدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

1 - ئاپرېل، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

پېتىرنىڭ مېنى سۆيۈپ قويۇشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىد-مەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ مېنى پەقەت دوست قاتارىدا كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمەكچىمەن. مەن ئەزەلدىن ناھايىتى قەيسەر، ئىچ پۇشۇقلىرىمغا ھېچقاچان باشقىلارنى شې-رىك قىلىپ باققان ئەمەسمەن. ھەتتا ئاپامنىمۇ پانا تارتىشنى خالىمايمەن. ئەمما ھازىر بېشىمنى پېتىرنىڭ مۈرىسىگە قەۋەت قويغۇم كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىنمۇ مۇشۇنداق ئارزۇ بارمۇ - يوق، بىلمەيمەن. ئۇ جىمىغۇر بولغاچقا، ماڭا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمايۋاتامدۇ - قانداق؟ ئۇ نېمىشقا مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ئامراق تۇرۇپ، پات - پاتلا گەپ قىلماي تۇرۇپ كېتىدۇ؟

ھەي، ئۇنىڭ كەينىگە مەن كىرىۋالغاندەك قىلىمەن! ئۇنىڭ-كىگە ھەر قېتىم مەن چىقىمەن. ئۇ مېنىڭكىگە كىرمەيدۇ. بۇ ئۆيگە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك ياكى ئۇنىڭ قانداقتۇر باشقا بىر دەردى بارمۇ - يە؟

3 - ئاپرېل، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىمىزغا يىگىرمە بىر ئاي بولدى. "بىر خىل تاماق"نى سان - ساناقسىز قېتىم يېدۇق. بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇزۇن بىر مەزگىل ھەر كۈنى ھەرۋاق-لىق تاماقتا بىرلا خىل يېمەكلىك يەيسەن. ئۇنىڭدىن باشقا يېمەك-لىك يوق. بىزنىڭ مەخپىي ئۆيدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل گول-لاندىيە، پۈتكۈل ياۋروپا، ھەتتا نۇرغۇن جايلاردىمۇ ئەھۋال مۇ-شۇنداق.

بىز ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئوسۇڭ يەپ كۈن ئۆتكۈز-دۇق. كېيىن پالەك، ئاندىن كېيىن كاللەك بەسەي، كاۋا، پەمىدۇر يېدۇق، تۆت پەسىلدە پۇرچاقتىن ئايرىلمىدۇق. بىز يەنىلا ياشاۋاتىمىز.

پەرۋەردىگارغا شۈكرى، بەزىدە كومىلاچمۇ يېيەلەيمىز. بۇ ئۇنىغا سۇ ۋە ئېچىتقۇ قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. قورساقتا تۇرىدۇ. بىز ھەر ھەپتىدە مۇرابىا سۈركەلگەن بولكا بىلەن بىر توغرام جىگەر يەيمىز. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى يېمەكلىكىمىز. بۇنى يېگەندە ھەربىرىمىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىمىز!

4 - ئاپرېل، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ناۋادا ئۇرۇش 9 - ئايغا سوزۇلۇپ كەتسە، مېنىڭمۇ ئوقۇش خىيالىم يوق. چۈنكى مەن باشقىلاردىن ئىككى يىل كېيىن قالدىم. ئوقۇغانىنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇندىن باشقا مەن-مۇ ئاپام، ۋىنىستان خانىم ۋە ئادەتتىكى ئايال-لارغا ئوخشاش ئەتىدىن - كەچكىچە ئائىلە ئىشىنى قىلىشنى خالىمايمەن، ئائىلە

ئىشى ناھايىتى زېرىكىشلىك، مەن ئەرگە، بالىلارغا مەنسۇپ بولۇشتىن باشقا ئۆزۈم ئىجتىھات بىلەن ئىنتىلىدىغان شەيئىگە مەنسۇپ بولسامكەن، مەن ئۆلگەندىن كېيىن روھىم ئۇزۇن ياشىيالىسىكەن دەيمەن.

ماڭا يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارغا رەھمەت. مەن كەلگۈسىدە يازغۇچى ياكى مۇخبىر بولالايمەن. مېنىڭ يامان ئەمەس يېزىلغان ئىككى پارچە ھېكايەم بار. بىرى، «ھاۋا ئانىنىڭ چۈشى»، يەنە بىرى، «چىمېنىنىڭ ھاياتى» ناملىق چۆچەك. بۇنى تېخى يېزىپ بولالمىدىم.

مەن ئەمدى كىچىك چېغىمدىكىدەك رەسىم سىزىش ئىقتىدارىمنىڭ يوقلۇقىدىن زارلىنىپ يىغلىمايمەن.

6 ـ ئاپرېل، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەندىن سەن نېمىلەرگە قىزىقىسەن دەپ سورىسالىڭ، ساڭا كۆپ نەرسىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىمنى دەپ بېرىمەن!

1. يېزىقچىلىققا خۇشتارمەن.

2. نەسەبنامە تەتقىق قىلىشقا خۇشتارمەن. مەن فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىسپانىيە، ئەنگلىيە، ئاۋستىرىيە، روسىيە، نورۋېگىيە ۋە گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خان جەمەتلىرىنىڭ نەسەبنامىسىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغانىدىم. بۇ ماتېرىياللار گېزىت، كىتاب ۋە تۈرلۈك نەشر بۇيۇملىرىدىن كەلگەن. مەن يەنە بىئوگرافىيە ۋە تارىخىي كىتابلاردىكى ماتېرىياللاردىن خاتىرە قالدۇرغانىدىم.

3. مەن تارىخقا ئامراق. دادام ماڭا نۇرغۇن تارىخىي كىتابلارنى سوۋغا قىلغان. شۇنداقتىمۇ كۇتۇپخانىغا بېرىپ تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى ئوقۇشنى ئويلايمەن.

4. مەن يونان ۋە رىم ئەپسانىلىرىگە ئامراق. بۇنداق كىتاب-
لار ئۆزۈمدىمۇ كۆپ.

كىنو چولپانلىرى توغرىسىدىكى ئېلانلارنى، شائىر ۋە رەس-
ساملارنىڭ تارىخى ھەم مۇزىكا ۋە گۈزەل سەنئەت تارىخىغا دائىر
ماتېرىياللارنى رەتلەشكە ئامراقمەن. مەن ھەممىدىن ئالگېبرا،
گېئومېترىيە ۋە ماتېماتىكىغا بەك ئۆچ.

## ● چارلىغۇچى ساقچىلار

11 - ئاپرېل، سەيشەنبە
قەدىرلىك چىت:

بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، مىجەزىم ناھايىتى
بوش، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيمەن. ئۆلۈشكۈن يەكشەنبە
ھەم پاسخا بايرىمى. تۈنۈگۈن بىر كۈن دەم ئېلىش بولدى.
ئىشخانىغا ھېچكىم كەلمىدى. بىز ۋەھىمىگە تولغان بىر كۈندۈز
ۋە ئىككى كېچىنى ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزدۇق.

پاسخا بايرىمى ئاخشىمى سائەت توققۇز يېرىمدا پېتىر دادى-
سىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ ئاستىنقى قەۋەتتە شەپە بارلىقىنى دېدى.
تۆت ئەر ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ كېتىشتى. بىز تۆت ئايال
ساداقتىن ئۆركىگەن قۇشتەك لاغىلداپ تىترەپ كېتىشتۇق.

سائەت توققۇزدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە ئاستىنقى
قەۋەتتىن تۇيۇقسىز "تاك - تۇك" قىلغان كۈچلۈك ئاۋاز كەلدى،
ئارقىدىن بۇ ئاۋاز يەنە جىمىقىپ كەتتى. بىز تېخىمۇ قورقۇپ
كەتتۇق. تۆت ئەر ئامان - ئېسەنمۇ بىلمەيتتۇق. بىز قورقۇنچ
ئىچىدە ئۇلارنى كۈتتۇق. تۆت ئەر سائەت ئوندا ئاستىنقى قەۋەت-
تىن چىقتى. ھەر بىرسىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن،



كەيپىياتى جىددىي ئىدى. ۋېنتان ئەپەندى:

— چىراغنى ئۆچۈرۈڭلار! ھەممىڭلار ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىڭلار، ساقچىلار ھازىرلا كىلىپ قىلىشى مۇمكىن! — دېدى.

بىز شۇئان چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتۇق. لېكىن تۆت ئەر بىردىنلا ئالدىراش ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار سائەت ئوندىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە ئاندىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىشتى. ئىشىك - دېرىزىلەرنى مەھ-كەم تاقاپ، پىتىرنىڭ ھۇجرىسىدىكى دېرىزە تۈۋىگە ئىككى ئادەم-نى قالدۇرۇپ قويدى.

ئەسلىدە پىتىر ئاستىنقى قەۋەتتىن چىققان "تاڭ - تۇڭ" قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئاستا پەسكە چۈشۈپ، بىرسىنىڭ ئىشىك سىرتىدىن دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر تال ياغاچنى كۆچەپ تېپىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. پىتىر بۇنى دەرھال دادىسىغا دېگەچ-كە، تۆت ئەر ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ تەكشۈردى. ئۇلار چوڭ ئىسكىلاتقا كىرگەندە، ئوغرىنىڭ ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇۋاتقان-لىقىنى بايقىغان.

— ساقچى! — ۋېنتان ئەپەندى ئۆزىنى تۇتالماي توۋلىۋېتى-دۇ.

ئىشىك سىرتىدىن ئالدىراش ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاچ-قا، ئوغرى قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ.

تۆت ئەر ئىشىكنىڭ تاختىيىنى قايتىدىن مىخلىغان بولسى-مۇ، تاختاي چۈشۈپ كېتىپ تۇرماپتۇ. بۇ چاغدا ئامبارغا ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن پىرژىك-تىر بىلەن ئامبارنىڭ ئىچىگە قاراپتۇ. ئەر ئاغزىنى بۇزغان پېتى خوتۇنى بىلەن كېتىپ قاپتۇ. تۆت ئەر شۇئان ئۈستۈنكى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقتى. كىشىگە ئوغرى دېرىزىدىن كىرگەن دېگەن تەسىراتنى بېرىش ئۈچۈن پىتىر باش مۇدىر ئىشخانىسىغا كى-

رىپ، دېرىزىنى ئېچىپ، تېلېفوننى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپ مەخ-
پىي ئۆيگە يېنىپ كىرىدۇ.
هېلىقى ئەر - خوتۇن بۇ ئەھۋالنى جەزمەن ساقچىغا مەلۇم
قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان تۆت ئەركىشى ئون مىنۇت ۋاقىتتىن
پايدىلىنىپ ئاستىنقى قەۋەتنى يەنە بىر قېتىم چارلاپ، مەخپىي
ئۆيگە قايتىدۇ. بىز قاراڭغۇدا قورققان پېتى بېشىمىزغا كېلىش
ئالدىدا تۇرغان بالا - قازانى كۈتۈشكە باشلىدۇق.
سائەت ئونبىردىن ئونبەش مىنۇت ئۆتكەندە ئاستىنقى قەۋەت-
تىن تورۇكلىغان ئاۋازلار كەلدى. بىز ساقچىلارنىڭ ئاياغ تىۋىش-
لىرىنى ئېنىق ئاڭلىدۇق. هايال ئۆتمەي، ساقچىلار ئۈچىنچى
قەۋەتكە چىقىپ، ئۇيان - بۇيانني تەكشۈردى. بۇ چاغدا قورقۇپ
يۈرىكىمىز قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. "سېزىلىپ
قالىدىغان بولدۇق! ھەممە تۈگەيدىغان بولدى!" مەن خۇددى
مەخپىي ساقچىلارنىڭ بىزنى يالاپ ئاچىقىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈ-
شىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ھەي؟ ئۇلار كىتاب ئىشكاپىنى ئىككى
قېتىم تاقىلدىتىپ قويدى، ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى بارا - بارا
يىراقلاشقا باشلىدى. بايامقى جىمجىتلىق يەنە ئەسلىگە كەلدى.
بىز ھەرھالدا ۋاقىتىنچە بولسىمۇ تىنىۋالدۇق.
ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ چىرىغى يېنىق ئىدى! ئۇلار كىتاب
ئىشكاپىدىكى گۇمانلىق ئىزلارنى بايقاپ قالارمۇ؟ چىراغنى ئۆچۈ-
رۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟ چىراغنى ئۆچۈرگىلى بىرسى
كېلەرمۇ؟ بىرىنچى قەۋەتتىكى دەرۋازا ئالدىغا كۆزەتچى قويۇپ
قويارمۇ؟
بىز قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە، كىچىك تەرەت قىستاپ
كەتكەنىدى. يېتىرىنىڭ قەغەزلىرىدىن تەرەت تۇڭى ياساپ، ھاجەت
قىلىشتۇق. بىزگە ھارغىنلىقمۇ يەتكەنىدى. كارىۋاتنى يۆتكىسەك
ئاۋاز چىقاتتى. شۇڭا كۆپچىلىك داق يەردە يېتىشنى قارار قىلىش-

تى. مەن يېتىپ قالدىم. بۇرنۇمغا ئۆينى بىر ئالغان سۇيدۇك پۇرىقى پۇرىغاندەك قىلمىدى.

كۆپچىلىك ساقچىلارنى كېچىسى كېلىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، پەس ئاۋازدا غۇلغۇلا قىلىشتى.

— ساقچىلار بىزنى سېزىپ قالسا، سەممىيلىك بىلەن ئۆزىمىزنىڭ سەرگەردان ئىكەنلىكىمىزنى ئىقرار قىلايلى.

— ساقچىلار ئاق كۆڭۈل گوللاندىيىلىك بولسا، ئۇلار بىزنى قويۇۋېتىشى مۇمكىن. ناتسىستپەرەسلەر بولسا بىز ئۇلارغا پارا بېرەيلى.

— ياخشىسى رادىئونى كۆيدۈرۈۋېتەيلى!

— بەرىبىر، شۇلار بىر تەرەپ قىلسۇن!

— ئۇلار ئانىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى تېپىۋالسا قانداق قىلىمىز؟ — دادام توساتتىن شۇنداق دەپ سالدى.

— ئاۋۋال ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى كۆيدۈرۈۋېتەيلى، — دېدى بىرسى تەكلىپ بېرىپ.

— ياق! كۈندىلىك خاتىرەمنى كۆيدۈرۈشكە بولمايدۇ! كۈندىلىك خاتىرەم كۆيدۈرۈۋېتىلسە، بۇ بىزگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى جاكارلىغان بىلەن باراۋەر! — مەن ئىچىمدە مۇشۇنداق دەپ چوقان سالدىم، بەختىمگە يارىشا، دادام ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى.

كۆپچىلىك يالىنىپ مېڭىش ۋە مەخپىي ساقچىلار تەرىپىدىن سوراق قىلىنىش توغرۇلۇق غۇلغۇلىنى داۋام قىلدى. ھەربىر ئادەم ساقچىلار كەلسە، جەزمەن باتۇرلۇق بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىشنى ياقلىدى. ۋېنتان خانىم بەك قورقۇپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ھەم تەكىتلەپ مۇنداق دېدىم:

— بىزدە چوقۇم ئەسكەرلەرگە خاس جاسارەت بولۇش كېرەك! ئۆلۈپ كەتسەكمۇ خۇددى رادىئودا سۆزلىگەندەك ئەركىن-

لىنىڭ ۋە ھەققانىيەت يولىدا بىزنى قوغدىغان گوللاندىيە ئايال پادىشاھى ئۈچۈن قۇربان بولۇشىمىز كېرەك. بىزگە باشقىلارنىڭ چېتىلىپ قالغانلىقى بىزنى بەك ئازابلايدۇ.

شۇ كۈنى كەچتىكى سۆھبەت ئۆمۈر بويى يادىمدا تۇرىدۇ. سائەت تۆت بولدى، سائەت ئالتە بولدى، سائەت يەتتە بولغاندا، بەش چوڭ كىشى ئاستىنقى قەۋەتكە ئوغرىلىقچە چۈشۈپ، بۇ ئىشنى كوفوس ئەپەندىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى لايىق كۆردى.

مىربو بىلەن يوك كەلدى. بىز يېنىك نەپەس ئالدۇق. مىربو چوڭ ئىسكىلات ئىشىكىنىڭ قىسىلچىقىغا قىستۇرۇلغان بىرپارچە خەتنى كۆرۈپتۇ. بۇ خەتنى كېچىلىك چارلىغۇچى ساقچى سىنپېيدېر يازغانىكەن. يوك ئىشىك تاختىيىنى مىخلاپ بولۇپ، ئەنزە مەلۇم قىلغىلى باش ساقچى ئىدارىسىگە كەتتى.

يوك سائەت ئونبىردە كەلدى. بىز ئۇنىڭ چۆرىسىگە يىغىلدۇق. ئۇ بىزگە بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. ئەسلىدە پاسخا بايرىمى كېچىسى سىنپېيدېر چارلاپ كېتىۋېتىپ بىرىنچى قەۋەتتىكى ئىشىكنىڭ تۆشۈك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، باش ساقچى ئىدارىسىگە ئەنزىنى مەلۇم قىلغان، ئۇ باشقا بىر ساقچى بىلەن بىللە كېلىپ ئۆيلەرنى تەكشۈرگەن. ئۇلار سەيشەنبە كۈنى شىركەتكە يەنە ئادەم ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

يوك يەنە، ئۆزىنىڭ قايتىپ كېلىۋېتىپ يول ئاغزىدا بىزگە داۋاملىق كۆكتات سېتىپ بېرىدىغان كۆكتاتچىنى ئۇچرىتىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئوغرىنىڭ دەرۋازىنى تېپىپ تېشىۋەتكەنلىكىنى دەپ بەرسە، قىلچە ئەجەبلەنمەي:

— خەۋىرىم بار، ئاخشام خوتۇنۇم ئىككىمىز بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىشىكتىكى تۆشۈكنى كۆرۈپ، پىرژىكتىر ياندۇرۇپ ئىچىگە قارىساق، ئۆيدە دەرۋەقە بىرنەچچە ئادەم بار ئىكەن. مەن بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ساقچىغا مەلۇم قىلمى-

غان ياخشى دەپ ئويلىدۇم. چۈنكى مېنىڭ كۆڭلۈمدە سان بار. شۇڭا ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم، — دېگەنلىكىنى دېدى.

يوق بۇ كۆكتاتچىغا رەھمەت ئېيتقان. ئۇ بىزگە ئادەتتە ياخشى ئەكىلىپ بېرىدىغان كۆكتاتچى ئىدى. ئۇنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى تەلەپپۇزى ئىنتايىن سەمىمى، ئۇ بۇ يەردە ئادەم تۇرۇۋاتقانلىقىنى بۇرۇنلا بايقىغان. ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىكەن.

كۆپچىلىك بۈگۈن ئاخشام بۇ ئىشنى توختىماي غۇلغۇلا قىلدى. گرويتىر ئەپەندى بىزنىڭ ناھايىتى بىپەرۋا ئىكەنلىكىمىزنى ئەيىبلىدى. يوقمۇ بۇندىن كېيىن مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن ھەرگىز ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشمەسلىكىمىزنى ئېيتتى. چۈنكى بىز يەھۇدىي - دە.

ئاھ، شور پېشانە يەھۇدىيلار! يەھۇدىيلار قەدىمدىن تارتىپ جەۋر - جاپا چېكىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى پەرۋەردىگارىم بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈپتۇ. چىداشلىق بەرسەك، كەلگۈسىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئورنى چوقۇم قالتىس كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مۆرىتى كەلگەندە پۈتكۈل دۇنيا خەلقى بىزنىڭ دىنىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە بىزنى ھۆرمەتلەيدۇ.

سۆيۈملۈك گوللاندىيىلىكلەر، سىلەرگە ھەقىقەتەن رەھمەت، ھەشقاللا ئېيتىمىز! ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن گوللاندىيە پۇقراسى بولۇپ، مۇشۇ يەردە خىزمەت قىلىپلا قالماي، بەلكى گوللاندىيە ئۈچۈن پۈتۈن ئىقتىدارىم بىلەن تۆھپە يارىتىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

14 - ئاپرېل، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

بۇ يەردە كەيپىيات بۇرۇنقىدەكلا ئىنتايىن جىددى. "مەخپىي ئۆيدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھدىنامىسى"گە يەنە بىرقانچە تۈرلۈك

بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى كىرگۈزۈلدى. ھەممە ئادەمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈكلۈك، تىنىشلىرى ھەسرەتلىك ئىدى. نارازى بولۇپ ۋايساپلا يۈرۈشەتتى. مەن خىزمەت، ئۈمىد ۋە مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدىلا تېتىك يۈرەتتىم!

15 ـ مارت، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

بۇ يەردە يەنە بىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش يۈز بەردى. پىتىر بۈگۈن ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكتىكى تاقاقنى ئېلىۋېتىشنى ئۈنتۇپ قېلىپ، بىر توپ ئادەم بىناغا كىرەلمىدى. گرويتىر ئەپەندى بىنانىڭ كەينىدىكى ئاشخانىنىڭ دېرىزىسىنى قومۇرۇپ، بىناغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. گرويتىر ئەپەندى بىزنىڭ تولىمۇ بىپەرۋالىق قىلغانلىقىمىزنى ئەيىبلىدى.

پىتىر بۇ ئىش ئۈچۈن قاتتىق خىجالەت بولدى. ئادەتتە ھەممە ئادەم بۇ ئىشنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ تۇراتتى. بۇ ئىش بۈگۈن ئەتىگەن ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىگەنىدى. شۇڭا كۆپچىلىكتىمۇ ئاز ـ تولا مەسئۇلىيەت بار ئىدى. ھەي، ئازىراقمۇ بىخەستەلىك قىلىشىمىزغا بولمايدىكەن!

## ● تۈنجى سۆيۈشۈش

16 ـ ئاپرېل يەكشەنبە، چۈشتىن ئاۋۋال سائەت ئونبىردىن بۇرۇن

قەدىرلىك چىت:

تۈنۈگۈنكى ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالمايلى جۇمۇ! بىلەمسەن؟ ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم بىر كۈن!

مەن ئاخشام سائەت سەككىزدە پېتېرنىڭ ھۇجرىسىدا بولـدۇم. بىز بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىمىزنىڭ بېلىنى تۇتۇپ، سافادا ئولتۇردۇق. مەن پېتىرغا سەل نېرىراق ئولتۇرۇشنى، بولمىسا ئورنۇمدىن تۇرسام، قاچا ـ قومۇچ ئىشكاپىغا ئۇسۇۋالـدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، پېتېرنىڭ يېنىغا سۈرۈلدىم.

مەن پېتېرنىڭ مېنى قۇچاقلىۋالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانـدىم. سول مۈرەم ئۇنىڭ مەيدىسىنىڭ ئاستىدا تۇراتتى. بۇ چاغدا توساتتىن يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ، يۈزۈم قىزىپ كەتـتى. بەش مىنۇت ئۆتتى. مەن ئولتۇرۇشقا تەمشەلدىم، پېتېر دەرھال بېشىمنى مەھكەم قۇچاقلاپ ماڭا قارىدى. مەڭزىمنى، بېلىكىمنى، چېچىمنى سىيلاشقا باشلىدى. يۈزىمىزمۇ بارغانسېـرى يېقىنلاشتى، ئاخىرى ئۇ مېنى سۆيۈپ كەتتى. كۆڭلۈم ئېيتقۇسىز خوشاللىققا تولدى، پېتېرنىڭ كۆڭلىنىڭمۇ خۇشالـلىققا تولغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مەن كۈتكەن بۇ كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى!

17 ـ ئاپرېل، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دادام بىلەن ئاپام مېنىڭ ئون سەككىز ياشقا توشمىغان بىر ئوغۇلبالا بىلەن سافادا سۆيۈشۈپ ئولتۇرۇشۇمغا يول قويامدۇ دەمسەن؟

ئىككى ئادەمنىڭ يۈزلىرىنى مەھكەم يېقىپ ئولتۇرغان چېـغىدىكى ھېس ـ تۇيغۇسى نېمىدېگەن شېرىن ـ ھە! كۆڭلۈڭدىكى كىشىنىڭ سېنى ھەر ۋاقىت كۈتۈپ تۇرۇشنى بىلىشمۇ ئاجايىپ كۆڭۈللۈككەن! لېكىن مۇشۇنداق بولسا پېتېر ھەقىقەتەن رازى بولىدۇ، دەپ قارامسەن؟ گەرچە ئۇ ئىلگىرى ماڭا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ئوغۇلبالا ـ دە.

مەن پېتىر ئىككىمىزنىڭ بۇ ئىشنى نومۇسسىزلىق دەپ بىلمەيمەن، يوشۇرۇن ئىش قىلىشنى يامان كۆرىمەن. دادامغا دېيىشىم كېرەكمۇ؟ ئاۋۋال پېتىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي.

بۇنىڭدىن كېيىن پېتىر بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان تالاي ئىشلار بار. مەسىلەن، قۇچاقلاشسا قانداق بولىدۇ؟ مەن بۇنى بىلمەيمەن. بىز ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەنچىگە ۋە رىغبەتكە ئېرىشەلەيمىز!

18 ـ ئاپرېل، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دادام 20 ـ مايدىن بۇرۇن سوۋېت رۇسىيىسى، ئىتالىيە ۋە غەربىي فرونتتا زور كۆلەملىك ئۇرۇش بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

مېنىڭچە، ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىن بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە ئارمىيىسى يەنىلا ناھايىتى جاھىل، بىزنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىمىزدە قىيىنچىلىق قاتمۇ ـ قات.

ئاخشام پېتىر ئىككىمىز ئۆزۈن پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭغا ئاياللار توغرۇلۇق نۇرغۇن مەخپىيەتلىكلەرنى دەپ بەردىم. پارىڭىمىز كۆڭۈللۈك بولدى. ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ مېنى سۆيۈپ قويدى. بۇگۈنكى بۇ كېچە ماڭا ئىنتايىن چىرايلىق تۇيۇلۇپ كەتتى. پېتىرمۇ ماڭا ئوخشاش تۇيغۇدا بولسا كېرەك دەپ ئويلىدۇم!

ئۆتكەن شەنبە كۈنى ئىللى ئۈچ دەستە نەركەس گۈلى، بىر دەستە يەسمەن گۈل ئالغاچ كەلگەنىدى. يەسمەن گۈلىنى ماڭا ئالايىتەن ئالغاچ كەلگەنىكەن. مەن يەسمەن گۈلىنى پۇرىدىم، بۇرنۇمغا دالىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. چىرايلىق گۈلگە قاراپ ئىللىق ھاۋانى ھېس قىلدىم. گۈزەل باھار يەنە كەلدى!

19 - ئاپرېل، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دۇنيادا ئاشىقمىنىڭ قويىندا قۇشلارنىڭ ناۋاسىغا قۇلاق سې-
لىپ ئولتۇرۇپ تەبىئەتنى بەھرىلىنىشتىنمۇ ئارتۇق كۆڭۈللۈك
ئىش بارمىدۇ؟ بىز بىر - بىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن كېلىۋاتقان
مۇھەببەتنى ھېس قىلىپ جىم ئولتۇرۇشاتتۇق. گەرچە بۇ يەردە
قۇشلارنىڭ ناۋاسى بولمىسىمۇ، لېكىن بىز يەنىلا شۇ قەدەر
ئىللىقلىق ھەم شۇ قەدەر خاتىرجەملىك ھېس قىلاتتۇق. بىزنى
بىركىملەر ئاۋارە قىلمىسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە! ھەتتا
موكىمۇ ئارىمىزدا ئارتۇقچە ئىدى.

21 - ئاپرېل، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ئىسكىلاتتىكى ئاق ئون يوقاپ كەتتى. كۆپچىلىك بۇنى چوڭ
ئىسكىلاتتىكى بىرسى ئوغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشتى.
بىراق مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئىللى تىل ئىشتىۋالدى، ئۇ ئىنتايىن
خاپا بولدى. بۇ ئىشقا بىزنىڭمۇ ئاچچىقىمىز كەلدى.

مەن بىرنەچچە پارچە ھېكايىنى يېزىپ بولدۇم. تەخەللۇس
قويۇپ گېزىتخانىغا ئەۋەتمەكچىمەن. باسامدۇ - باسمامدۇ قاراپ
باقىمەن.

25 - ئاپرېل، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دېسسېرنىڭ يېرىم ئاي ئىلگىرى يېڭىدىن قوشۇلغان بىخە-
تەرلىك ئەھدىنامىسىگە پىكرى چىقتى. ۋېنتان ئەپەندىگە نەچچە
كۈن تەتۈر قاراپ يۈردى. دادام ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. ئەمما

ئۇنىڭ ھاقارەتلىشىگە ئۇچرىدى. ئۇ بۇنى ئويلىمىغانىدى. دادام ئەمدى ئۇنىڭغا ئامال بار گەپ قىلمايدۇ. مەخپىي ئۆيدىكىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇشۇنداق يول قويماسلىقى ھەقىقەتەن ياخشى ئەھۋال ئەمەس.

27 ـ ئاپرېل، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ۋېنتان خانىم شامالداپ قالدى، ئۇنىڭ بۇرنىدىن سۇ ئېقىپلا تۇراتتى. قېرىنشقاندەك دورىمۇ تېپىلمىدى، ئۇ ھاۋانىڭ تۇتۇقلۇقىدىن، تېخىچە قۇرۇقلۇققا چىقمىغان ئىتتىپاقداش ئارمىيىدىن ئاغرىنىپ، توختىماي ۋايسايتتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بىلجىرىلاپ ئۇنى كۆلدۈرۈۋېتەتتۇق.

مەنمۇ زۇكامداپ قالدىم. زۇكامىم ئاپام بىلەن دادامغىمۇ مەندىن يۇقتى. پېتىرنى سۆيدۈرمىدىم. لېكىن ئۇنىڭ مېنى "جىگىرىم" دېيىشى ھەقىقەتەن تاتلىق ئىدى!

28 ـ ئاپرېل، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ئاخشام سائەت سەككىزدە پېتىر ئىككىمىز سافادا بۇرۇنقىدەك قۇچاقلىشىپ ئولتۇردۇق. توساتتىن كۆڭلۈمدە باشقا بىر ئاننى پەيدا بولدى. ئۇ قايناق ھېسسىياتقا تولغان. مۇلايىم، ئادەتتىكى ھېلىقى ئاننىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ئاننى ئىدى. پېتىرمۇ ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتتىمۇ ـ ئەمەسمۇ بىلمەيمەن. مەن ئەسلىدىكى ئاننىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن ھەم پېتىرنىڭ ھازىرقى ئاننىنى چۈشەنمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز بىرنەچچە تامچە ياش تۆكۈلدى. پېتىر بۇنى بايقىمىغاندەك قىلاتتى.

بىز سائەت سەككىز يېرىمدە ئىلگىرىكىدەك دېرىزە تۈۋىدە سۆيۈشۈپ خوشلاشتۇق. كەينىمگە ئۆرۈلۈشۈمگە لىۋىم ئۇنىڭ لىۋىگە توغرىلىنىپ قالدى. ئۇ مېنى شۇئان قۇچاقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز قىزغىن سۆيۈشۈپ كەتتۇق. ئاھ، قىزغىن پېتىر! ماڭا نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ سىز مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ بىز بىرىنچى قېتىم بىر - بىرىمىزنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بايقىدۇق. لېكىن مەنمۇ ئۆزۈمدىن قايناق ھېسسىياتىمنى مۇشۇنداق ئىپادىلەمدىم؟ دەپ سورىدىم.

كەچ كىرىسلا، قەلبىمدە يىغىلىپ قالغان كۇندۈزدىكى ئىزگۇ ئارزۇلىرىم يۈزەكى بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۆزۈمدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. مېنىڭ پېتىرغا تەگكۈم يوق. ئۇ ماڭا ئوخشاش خاتىرجەملىك ۋە بەخت تۇيغۇسى ئىزدەۋاتقانمىدۇ؟

2 - ماي، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

شەنبە كۈنى كەچتە مەن پېتىردىن ئىككىمىزنىڭ يېقىندىن بولۇشقا ئەھۋالىنى دادامغا ئازراق دەپ بېرەيمۇ؟ دەپ سورىدىم. پېتىر دادامغا دېيىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتىپ مېنى رىغبەتلەندۈردى. مەن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. چۈنكى بۇ ھال پېتىرنىڭ ئىنتايىن سەمىمىيلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى.

مەن سۇ ئالغىلى ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ، دادامغا پېتىر ئىككىمىزنىڭ يېقىندىن بۇيان بىر - بىرىمىزگە چاپلىشىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمىزنى دېدىم. دادام مېنىڭ ئېھتىياتچانراق بولۇشۇمنى جېكىلىدى. دادام ئەتىسى ئەتىگەندە مېنى ھۇجرىسىغا چاقىرىپ:

— ئاننى! بۇنىڭدىن كېيىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە دائىم چىقما، پېتىرنىڭ خاراكتېرى تېخى مۇقىم ئەمەس. ئۇ سىرتىنىڭ

تەسىرىگە ئۇچراپ ناھايىتى ئاسان ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئۇنى بەك مەدەتلەندۇرۇۋەتمە. قىزلارنىڭ تەشەببۇسكار بولۇشى نورمال ئىش ئەمەس، دېدى.

دادام بىلەن ئازىراق پاراڭلاشتىم. دادامنىڭ پېتىر بىلەن سۆزلىشىشىگە قوشۇلدۇم. بۈگۈن پېتىر ماڭا دادامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى دېدى. لېكىن مەن بۇرۇنقىدەك ئۇس-تۇنكى قەۋەتكە چىقسام بولىدۇ، دەپ قارايمەن. چۈنكى مەن پېتىرغا ئىشىنىمەن.

دېسىپىر ئۆتكەن شەنبە كۈنى ۋېنتان ئەپەندىدىن كەچۈرۈم سورىدى. كۆپچىلىك يەنە باشتىكىدەك ئىناق بولۇپ كېتىشتى. يەكشەنبە كۈنى دېسىپىرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولدى. ئۇ بىرمۇنچە سوۋغا ـ سالاملارنى تاپشۇرۇۋالدى ھەم ھەربىرىمىزنى بىر تۇخۇم بىلەن مېھمان قىلدى.

3 ـ ماي، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

موك يوقاپ كەتتى. ئۇنى ئۆتكەن پەيشەنبە كۈنلا تاپالمىغا-نىدۇق. ئۇنى بىرسى يەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. پېتىرنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى.

ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنىدىن باشلاپ ئەتىگەنلىك ناشتىنى سا-ئەت ئونبىردە قىلىدىغان بولدۇق. بۇنىڭدا بىر ۋاق تاماق ئىقتى-ساد بولاتتى.

ھەي، نېمىشقا بەزى جايلاردا يېمەكلىكلەر سېسىپ كېتىدۇ، بەزىلەر ئاچ قالىدۇ؟ مەن كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسى قالايمىقان ۋە ئەنسىز، بولمىسا ئاز ساندىكى سىياسەتۋازلار قانداقمۇ ئۇرۇش قوزغىيالايدۇ، دەپ قارايمەن.

## ● دادامغا خەت

5 - ماي، جۈمە
قەدىرلىك چىت:
دادام مېنى گەپ ئاڭلىمىدى، دەپ مەندىن ئىنتايىن خاپا، مەن ھەر كۈنى ئاخشىمى يەنىلا پىتىرنىڭ يېنىغا چىقىمەن. ئۆزۈمنىڭ مەيدانىنى دادامغا دېمەكچى بولدۇم. دېمەكچى بولغانلىرىم تۆۋەندىكىدەك:
"دادا، سىزنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. مېنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشۇمغا قاراپ مەندىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىۋاتقاندۇرسىز! چۈنكى سىز ماڭا پىتىرغا بولغان كۆز قارىشىمنى ساقلاپ قالسام بولىدىغانلىقىنى دېگەنىدىڭىز. مېنىڭ ئون تۆت ياشلىق مەزگىلىمدە داۋاملىق تۇرۇشۇمنى ئۈمىد قىلاتتىڭىز. سىز شۇ چاغدىكى ئانىنى چۈشەنگەن بولسىڭىز، ھازىر ماڭا بۇنداق تەلەپ قويمىغان بولاتتىڭىز.
بىز 1942 - يىلى مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كىرگەندىن تارتىپ ھەر ئاخشىمى يۈشورۇن يىغلاپ، غېرىبچىلىق ھېس قىلىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە بوينۇمنى قىسىپ يۈردۈم. لېكىن سىلەر مېنىڭ دەردىمگە يەتمىدىڭلار. ئەكسىچە مېنى غەلۋە قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇردۇڭلار. مېنىڭ شۇ چاغدا نېمىشقا شۇنداق تېرىككەك بولۇپ كەتكەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟ چۈنكى مەن ھەر كۈنى ئازاب بىلەن جان تالىشاتتىم!
تالاي ياش تۆكۈش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىنى مۇستەقىل ھەل قىلالايدىغان، ئاپام ئىككىڭلارنىڭ ھىمايىسىنى كېرەك قىلمايدىغان بولدۇم. ئەمدى مېنىڭ ئۆز

كۆزقارىشىم بار. ھۆكۈمەتكە تايىنىپ ئىش قىلىشنى بىلىمەن. شۇڭا سىز ماڭا ئىشىنىڭ، مەندىن مېنىڭ ئون تۆت ياشلىق ئانىنى بولۇشۇمنى تەلەپ قىلماڭ».

6 ـ ماي، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

تۈنۈگۈن كەچلىك تاماق ئالدىدا ساڭا دېگەن گەپلەرنى يېزىپ دادامنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدۇم. ماگى ماڭا دادامنىڭ خەتنى كۆرۈپ بىئارام بولۇپ كەتكەنلىكىنى دېدى. مەن دەرھال پىترغا دادامدىن ھېچنېمە سورىماسلىقنى ھەم كۆپ سۆزلىمەسلىكنى ئېيتتىم. دادام ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماپتۇ. دادامنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم ئوخشايدۇ، دەپ ئويلۇدۇم.

نەرسىلەرنىڭ باھاسى كىشى قورقۇپ كەتكۈدەك قىممەت ئىدى! يېرىم قاداق چاي 350 فلورىن، بىر قاداق قەھۋە 80 فلورىن، بىر قاداق سارماي 35 فلورىن، بىر دانە تۇخۇم 1.45 فلورىن ئىدى. ھەممە ئادەم قاراڭغۇ بازارچى بولۇپ كەتكەنىدى. ئوتتۇردا ماڭغان كىشىلەر پايدا ئالاتتى. ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق ھەر كۈنى توختىماي يۈز بېرەتتى. ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلىق قىزلار يوقاپ كېتەتتى. ساقچىلار ۋە كېچىلىك چارلىغۇچى ساقچىلار ھەمىشە قوي يېتىلىۋالاتتى. ھەي، كۆپچىلىك ئازىراق بىرنەرسە بىلەن قورسىقىنى ئەستەرلەۋېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتىن يانمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى!.

7 ـ ماي، يەكشەنبە

قەدىرلىك چىت:

تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن دادام بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتىم.

يىغلاپ ئاۋازىم پۈتۈپ كەتتى. داداممۇ يىغلىدى. ئۇ:

— ئاننى! سەن ماڭا كۆپ خەت يازغان. لېكىن مۇشۇ قېتىم يازغان خېتىڭ مېنى بەك ئازابلىدى. ئاپاڭ ئىككىمىز سېنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپ، ساڭا ھەر ۋاقىت ياردەم بېرىشنى ئويلاپ كەلدۇق. ئەمما سەن بىزنى سىلەر مېنىڭ ھالىمغا يەتمەيسىلەر، مەن ئازاب ئىچىدە يۆلەنچۈكسىز قالدىم دەپسەن. بىلگىنىڭ، بۇنداق دېيىشىڭ بىزگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ بۇنداق دېمەكچى ئەمەستۇرسەن، لېكىن سەن شۇنداق يازغان.

سەن بىزنى راستىنلا خاتا چۈشىنىپ قاپسەن!

8 ـ مارت، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دادام ماڭا بوۋام بىلەن مومامنىڭ ناھايىتى دۆلەتمەن ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. بوۋام قورۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەنىكەن. مومام مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققانىكەن. شۇڭا دادام كىچىكىدىن تارتىپلا بەگزادىلەردەك ياشىغانىكەن. ئاپامنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ شۇنداق دۆلەتمەن ئىكەن. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئاپامنىڭ چاي ئىچۈرۈش زىياپىتىگە ئىككى يۈز ئەللىكتىن ئارتۇق مېھمان قاتناشقانىكەن. بۇنىڭغا ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ! كېيىن بوۋام ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئارقىدىن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋە پۇل پاخاللىقى يۈز بېرىپ، دادامنىڭ مال ـ مۈلكىمۇ چېچىلىپ تۈگەپتۇ.

مىربومۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزىنىڭ بىر چاي ئىچۈرۈش زىياپىتىگە قاتناشقانلىقىنى، يىگىت بىلەن قىزنىڭ دۆلەتمەن ئائىلىدىن ئىكەنلىكىنى، چاينىڭ ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولغانلىقىنى ئېيتتى. مىربو يەنە بىزگە قورۇمىلارنىڭ تىزىملىكىنى دەپ بەردى. ھەممىمىزنىڭ ئاغزىلىرىغا سېرىق سۇ كېلىپ كەتتى.

مىرىبۇ مېنى باشلاپ بارغان بولسا، باشقىلارنىڭ بولكىلىرىنىمۇ پاكپاكىزە يەپ بولغان بولاتتىم!

ماگى ئۆزىنىڭ پەلەستىنگە بىرىپ سىستىرا بولغۇسى بارلىقىنى دىدى. مېنىڭ ئۇنداق زىرىكىشلىك تۇرمۇش كەچۈرگۇم يوق. مەن پارىژدا بىر يىل، ئاندىن لوندوندا بىر يىل تۇرسام. شۇ يەرلەردە تىل ئۆگىنىپ، سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلسام دەيمەن. بۇنىڭدىن باشقا دۇنيادىكى گۈزەل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈشنى، خالىغان ئىشنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. پۇل بولمىسا مەيلى.

9 ـ ماي، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

مەن «پىرىخون ئەننىنىڭ ئەپسۇنى» دېگەن ھېكايەمنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، چىرايلىق كۆندىلىك خاتىرەمگە باشقىدىن كۆچۈردۈم. بۇنى دادامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا قىلسام بولامدۇ ـ يوق، بىلمەيمەن. ئاپام بىلەن ماگى دادامغا ئاتاپ بىر كۇپلېت شېئىر يازماقچى بولۇۋاتىدۇ.

گرويتىر ئەپەندى كەچقۇرۇنلۇقى بىزگە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سودا ساھەسىدىكى بىر ئايال تەكشۈرگۈچى ھەركۈنى چۈش سائەت ئىككىدە، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىدا تاماق يەيدىغانلىقىنى دىدى. بۇنداق بولسا بىز قىمىر قىلالماي قالاتتۇق! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرگە ياڭيۇنمۇ ئەكىرگىلى بولمايتتى. بۇ ئايال تەكشۈرگۈچىنى بۇ يەردە تۇرغۇزماسلىق ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ دەرھال چارە تېپىشىغا توغرا كەلدى.

ۋېنتان ئەپەندى ئۇ ئايالنىڭ ئىچىملىكىگە ئازراق سۈرگە دورىسى قۇيۇۋېتىش تەكلىپىنى بەردى.

— بۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ناۋادا تاقەت قىلىپ كەتمىسە

قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى شۇ ئان جاۋابەن دېسسېر.

كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ۋېنتان خانىملا بۇ گەپ-نىڭ تېگىگە يېتەلمەي، كوچىلاپ سوراشقا باشلىدى.

— نېمە دېگىنىڭلار ئۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ پات - پات شۇنداق دېسەم بولامدۇ؟

ئىللى كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي:

— ئۇ نەرسىنى تۇرلۇك مالىلار شىركىتىگە بېرىپ ئالماقچى بولسىڭىز، ئـۇ نەرسىنىـڭ نېمىلىكىنـى پـرىكازچىكـلارمۇ بىلمەيدۇ! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئاھ، چىت! بۇگۈن ھاۋا شۇنداق ياخشى، سىرتلارنى ئايلى-نىپ كەلسەم قانچىلىك ياخشى بولغان بولاتتى. ئاپتاپ كۆرمىگى-لى ئۇزۇن بولدى، كۆزلىرىمگە كۈن نۇرلىرى چۈشكەن چاغدىكى تۇيغۇنى ئەسلەيمەن.

13 - ماي، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

تۈنۈگۈن دادامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. دادام بىلەن ئاپامنىڭ توي قىلغانلىقىغا ئون توققۇز يىل توشقان كۈن.

دادامغا كوفوس ئەپەندى «بوتانىك نىنېرنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابنى، گرويتىر ئەپەندى «تەبىئەت ۋە ئىلىم - پەن» ناملىق كىتابنى، دېسسېر «سۇ پايتەختى ئامستېردام» ناملىق كىتابنى، ۋېنتان ئائىلىسىدىكىلەر چىرايلىق بىر كورۇپكىنى سوۋغا قىلدى. كورۇپكىدا ئۈچ تۇخۇم، بىر بوتۇلكا پىۋا، بىر قۇتا ئېچىتقۇ سۈتى ۋە بىر گالستۇك بار ئىدى. مەن سوۋغا قىلغان ئەتىرگۈل بەك پۇراقلىق ئىدى. ئىللى بىلەن مىربو سوۋغا قىلغان چىنە گۈلمۇ بەك چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئىككىسى

يەنە ئەللىكتەك پىروژنە بىلەن پىرەنىك ئەكەلگەنىدى.
دادام كۆپچىلىكنى قەنت ـ گېزەك يېيىشكە تەكلىپ قىلدى، ئەرلەر پىۋا، ئاياللار ئېچىتقۇ سۇتى ئىچىشكە باشلىدى.
بۈگۈن ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈللۈك بىر كۈن بولدى.

16 ـ ماي، سەيشەنبە
قەدىرلىك چىت:
ئەر ـ خوتۇن ۋېنتانلارنىڭ ئىشلىرىنى تىلغا ئالمىغانلىقىمغا ئۇزۇن بولدى. تۈنۈگۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزىق سۆھبەت بولدى.
— قاراڭ! گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قوغدىنىش لىنىيىسىنىڭ مۇداپىئەسى شۇنداق مۇستەھكەم، ئۇلار ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توسىماقچى بولۇۋاتامدۇ ـ نېمە؟ گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ كۈچى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ! — ۋېنتان خانىم گەپنى شۇنداق باشلىدى.
— بۇ گەپچە، سىز ئۇلار ئىتتىپاقداش ئارمىيىدىن غالىپ دېمەكچىمۇ؟ — ۋېنتان ئەپەندى قەستەن شۇنداق دەپ سورىدى.
— ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن! لېكىن ھازىرچە جەزملەشتۈرەلمەيمەن.
— سىزنىڭ قارىشىڭىز شۇنداق بولغاندىن كېيىن مېنىڭ ئاغزىمنى كوچىلاپ نېمە قىلىسىز؟
— سىز ھەمىشە چوڭ سۆزلەيسىز، دېگەن گەپلىرىڭىزنىڭ ھېچقايسىسى توغرا چىقمىدى.
— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ دېگەن گەپلىرىمنىڭ تولىسى توغرا چىقتىغۇ!
— نەدىكىنى! ئۆتكەن يىلى ئىتالىيە قىشتا تەسلىم بولىدۇ،

ئىتتىپاقداش ئارمىيىمۇ شۇ چاغدا قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ دېگەنىدىڭىز، نەتىجىسى قانداق بولدى؟

— بۇ ئىلگىر - كېيىنلىك مەسىلىسى! گەپنى تولا قىلغۇچە، زوۋانىڭىزنى يىغىپ ئولتۇرۇڭ. كوت - كوت خوتۇندىن پەرۋەردىگارىم ساقلىسۇن!

مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتىم. پېتىر كالپۇكىنى چىشلەپ زۇۋان سۈرمىدى، ئاپامۇ كۈلۈۋەتتى.

هەي! هاماقەت چوڭلارەي. سىلەر ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلارنى قانداق تەربىيىلەشنى ئۆگىنىڭلار!

19 - ماي، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

تۈنۈگۈن پېتىر بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن بەك مەيۈسلىنىپ كەتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشقازىنىم يەنە ئاغرىپ كەتتى. بۈگۈن ياخشى، قورسىقىم ئاچقاندەك بولىۋاتىدۇ. ئاشقازىنىمنىڭ يەنە ئاغرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۈنىڭدىن كېيىن دادۇر يېمىسەم بولغۇدەك.

پېتىر بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتىمەن. بىر مەزگىل كەسكىن داۋام قىلغان ئىدىيىۋى كۈرەشتىن كېيىن ھېسسىياتىمنى بىر قەدەر كونترول قىلالايدىغان بولدۇم. شۇنداقتىمۇ مۇھەببەتكە بولغان قىزغىنلىقىم يۈتۈنلەي سوۋۇپ كەتمىدى. پېتىر ماڭا يەنىلا ناھايىتى ئوماق تۇيۇلىدۇ.

بىچارە پېتىر، ئۇ مۇھەببەتكە مېنىڭدىن بەك ئىنتىزار. ھەر ئاخشىمى سۆيۈشۈپ ئايرىلغاندا، ئۇنىڭ مېنى بىر قېتىم ئارتۇقراق سۆيۈۋالغۇسى كېلىدۇ. ئۇ مېنى موكىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ قالدىمۇ - قانداق. بىلمەيمەن. بىراق مەن قايناق ھېسسىياتىمنى بېسىۋېلىشنى بىلىمەن. پېتىرنىڭ قەلبىمگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ

كىرىش ئويى بولسا، ئۇنىڭغا بۇ بۇرۇنقىدىن تەسكە چۇشىدۇ.

20 ـ ماي، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئاخشام پىتىرنىڭكىدىن ھۇجرامغا چىقتىم، ئانارگۈل چىلاپ قويۇلغان لوڭقا يەرگە چۇشۇپ كىتىپتۇ. ئاپام ئىڭىشىپ پولدىكى سۇنى ئىرتىۋىتىپتۇ. ماگى يەردە چىچىلىپ ياتقان قەغەز ۋە كىتابلارنى تىرىۋىتىپتۇ. مەن ھەيران بولۇپ:

— نىمە ئىش بۇ؟ — دەپ سورىدۇم.

ئاپام بىلەن ماگى جاۋاب بەرگۇچە، مەن يازغان نەسەبنامە، ماقالە دەپتىرىم ۋە دەرسلىكلىرىمنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم. مەن يىغلىۋەتكىلى قىل قالدىم. ماگى ماڭا:

— بۇ ئىش تۇيەيلى تۆلىۋالغۇسىز زىيان تارتتىم دەپ قالما، بولامدۇ؟ — دىدى.

مەن ئىنچىكە تەكشۇرۇپ "تۆلىۋالغۇسىز زىيان"نىڭ مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچىلىك ئىغىر ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. مەن بىر ـ بىرىگە يىپىشىپ كەتكەن قــەغــەز ھەم جەدۋەللەرنى بىر ـ بىرلەپ ئاجراتتىم. يىپقا ئىسىپ، بالكونغا ئاچىقىپ، ئاپتاپقا يايدىم ۋە پىتىرنى قارىتىپ قويدۇم. مەن ماگىدىن ھىلىقى كىتابنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى سورىدۇم. ماگى شۇ ھامان:

— ئالگىبرانى دەمسەن؟ — دىدى.

— مەن دەرھال باردىم. ناھايىتى ئەپسۇس، ئالگىبرا كىتابىم ئازىراقمۇ ھۆل بولماپتۇ! بۇ لەنىتى كىتاب ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسا ياخشى بولاتتى.



22 ـ ماي، دۈشەنبە
قەدىرلىك چىت:

ئۆلۈشكۈن دادام ۋېنتان خانىم بىلەن باغلىشىپ، ۋېنتان خانىمغا بەش قۇتا ئېچىتقۇ سۈتى ئۇتتۇرۇپ قويدى. چۈنكى ئىتتىپاقداش ئارمىيە تا بۈگۈنكى كۈنگىچە قۇرۇقلۇققا چىقمىدى.

يالغۇز ئامىستېردامدىلا ئەمەس پۈتكۈل گوللاندىيە، ياۋروپا ھەتتا ئىسپانىيىدىمۇ تالاي كىشىلەر مۇشۇ ھەقتە پاراڭلىشاتتى، مۇنازىرىلىشەتتى ھەم باغلىشاتتى.

ھەربىر گوللاندىيىلىك گوللاندىيىنى قۇتقۇزۇش ئەنگلىيىنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ئىشى، ئەنگلىيىلىكلەر بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئورۇنداش كېرەك دەپ قارايتتى. ئۆز پۇقرالىرىنى بىھۇدە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشنى قايسى دۆلەت خالايدۇ؟ ئەنگلىيىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە، شۇڭا ئەنگلىيىدىن ئاغرىنىشىمىزنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. قۇرۇقلۇققا چىقىدىغان بۇ ئىشمۇ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا بىر ـ بىرى بىلەن ئوبدان ماسلاشسا، ئاندىن ۋۇجۇتقا چىقىدىغان ئىش.

بىز يېقىندا يەھۇدىيلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتقان قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ئاڭلىدۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قولغا ئېلىنغان بىر قىسىم يەھۇدىيلار گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىشى بىلەن نۇرغۇن مەخپىيەتلىكلەرنى پاش قىلىپ قويغان، ئۆزلىرىگە ياردەم قىلغان دوستلىرىنى سېتىۋەتكەن، مۇشۇ سەۋەبتىن تالاي خرىستىئان مۇخلىسلىرى دەھشەتلىك جازاغا ۋە پاجىئەلىك قىسمەتكە ئۇچرىغان. شۇڭا جەمئىيەتتە "يەھۇدىيلارغا قارشى" ئىدىيە يامراپ كەتكەن.

ئاھ! نېمىشقا بىر خرىستىئان مۇخلىسى قىلغان ئىشقا شۇنىڭ ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ؟ بىر يەھۇدىي قىلغان ئىشقا نېمىشقا

پۈتكۈل يەھۇدىيلار جاۋابكار بولىدۇ؟ كىشىلەر ھەممە يەردە ئادا۔
لەت، ئەركىنلىك ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز دەيدۇ،
لېكىن ئۇرۇش بولىۋاتقان چاغدا، ئەكسىچە بىر ـ بىرىگە رەشىك
قىلىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

مەن گوللاندىيىنى ياخشى كۆرىمەن، ھازىرمۇ شۇنداق. ئۇ۔
رۇشتىن كېيىن گوللاندىيە پۇقراسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.
"يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش" ئېقىمىنى بىر مەزگىللىك داۋال۔
غۇش بولۇپ قالىسكەن دەيمەن. پات ئارىدا گوللاندىيىلىكلەرنىڭ
ھەممىسى بىزنى يەنە قىزغىن قارشى ئالىدۇ!

## ● كۆكتاتچى قولغا ئېلىندى

25 ـ ماي، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

بىزگە داۋاملىق كۆكتات سېتىپ بېرىدىغان ھېلىقى كۆكتات۔
چى "ئىككى يەھۇدىيغا باشپاناھ بولغان"، دېگەن جىنايەت بىلەن
بۈگۈن قولغا ئېلىنىپتۇ.

ئاھ، بۇ قانداق دۇنيا؟ نېمىشقا ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر
بىر ـ بىرلەپ قولغا ئېلىنىپ، يارامسىز كىشىلەر بۇ دۇنياغا
ھۆكۈمران بولىدۇ؟

بىزگە ئەمدى ھېچكىم ياڭيۇ ئەكىلىپ بەرمەيدىغان بولدى.
ئاپام ئەتىدىن تارتىپ ئەتىگەنلىك ناشتىنىڭ بىكار قىلىنىدىغانلى۔
قىنى، چۈشتە شوۋىگۈرۈچ، كەچتە ياغدا پىشۇرۇلغان ياڭيۇ
يەيدىغانلىقىمىزنى جاكارلىدى. بىر ھەپتىدە ئىككى قېتىملا كە۔
رەپشە يېيەلەيمىز، بۇنىڭدىن باشقا يېمەكلىك يوق. سېزىلىپ
قالغاندىن ئاچ يۈرگىنىمىز كۆپ ياخشى ـ دە!

26 ـ ماي، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

مەن تولىمۇ مەيۇس! كۆكتاتچى قولغا ئېلىنغاندىن بۇيان تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتۇق. ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققانلىق خەۋىرى يوق، يېمەكلىك كام. پېتىرنىڭ يېنىدىنمۇ ناخۇش يېنىپ چىقىمەن. يەر ئاستى سۇ يولى توسۇلۇپ قالغاچقا، ئۆيدە بىر تېمىممۇ سۇنى تۆكۈشكە بولمايدۇ. ھەممىمىزنىڭ چىرايىنى ئۈمىدسىزلىك، تەشۋىش ۋە ھەسرەت قاپلىغان.

مىربو ماڭا قونچاق شەكىللىك بىر قۇتا تورت سوۋغا قىلدى. تورتنىڭ ئۈستىگە "پېنتېكوست بايرىمىڭىز كۆڭۈللۈك بولغاي" دېگەن خەت يېزىلغان باغاقچا قويۇلغان. بۇ مېنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىمگە قىلىنغان مەسخىرە ئىدى.

كەچ سائەت سەككىزدە ھەممىسى رادىئو ئاڭلاۋاتاتتى، مەن ئاستىنقى قەۋەتتىكى ھاجەتخانىدا ئىدىم. جىمجىتلىق ئىچىدە سىرتتىكى ماشىنا ئاۋازلىرى بىلەن ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى پىچىرلاشقان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ كەتتىم!

31 ـ ماي، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئۆتكەن شەنبە كۈنىدىن تارتىپ تۈنۈگۈنگىچە ھاۋا چىدىغۇسىز ئىسسىپ كەتتى.

ئۆتكەن شەنبە كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال يەر ئاستى سۇ يولى ئوڭشالدى. كوفوس ئەپەندى چۈشتە بىزنى كۆرگىلى كەلدى.

ئىللىق يەكشەنبە كۈنى كېلىپ چۈشلۈك تاماقتا بىز بىلەن بىللە بولدى، ھاۋا بەك ئىسسىق ئىدى، سېرىق ماي ئېرىپ تۇراتتى، بولكىمۇ قېتىپ كەتكەنىدى. بىز بىچارىلەر دېرىزىنىمۇ

ئاچالمايتتۇق. تۇنجۇقۇپ كەتسەكمۇ مۇشۇ يەردە يوشۇرۇنۇش پىشانىمىزگە پۈتۈلگەنىدى.

دۈشەنبە پىنتىكوست بايرىمى. ھاۋا تېخىمۇ ئىسسىپ كەتتى! بۈگۈن ئازىراق مەيىن شامال چىقىپ، ئاز - تولا نەپەس ئالغاندەك بولدۇق.

5 - ئىيۇن، دۈشەنبە

قەدىرلىك چىت:

دېسسېر سېرىق مايىنى تەقسىملەش مەسىلىسىدە دادام ۋە ئاپام بىلەن سوقۇشۇپ قالدى. ئۇ ئاخىرى يەنىلا تىز پۈكتى. دېسسېر يېقىندىن بېرى ۋېنتان خانىمنىڭ نازۇ - كەرەشمىلىرى ئالدىدا ئەس - ھوشىنى يوقىتىشقا باشلىغان، ئىككىسى ھەمىشە بىر - بىرىگە كۆز قىسىشىپ، كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىپ يۈرۈۋاتقانىدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ 5 - ئارمىيىسى رىمنى ئىشغال قىلدى. ئۇرۇش ۋاقتىدا قۇرۇقلۇق ئارمىيە بىلەن ھاۋا ئارمىيىسى ئېغىر تالاپەت يەتكۈزمەسلىككە ئىمكانىبار تىرىشقانلىقى ئۈچۈن رىم شەھرى ئانچە كۆپ زىيانغا ئۇچرىمىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە فرانسىيە دېڭىز ساھىلىدىكى باسكارلېنى توختىماي بومباردىمان قىلىۋاتاتتى.

ھاۋا بارغانسېرى ئىسسىپ كەتتى. كەرەپشە بىلەن ياڭيۇمۇ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتتى.

## ● ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇقلۇققا چىقتى

6 - ئىيۇن، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئاخىرى قۇرۇقلۇققا چىقتى! ئىنگلىز تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىلىدىغان رادىئودا بۈگۈن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ”كەسكىن جەڭ كۈنى“ ئىكەنلىكى جاكارلاندى!

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئەنگلىيە خەۋەرنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي ئېلان قىلدى:

”ئىتتىپاقداش ئارمىيە بورۇنېي، روۋ، شىربورگ، باسكارلېي قاتارلىق جايلارنى بومباردىمان قىلماقتا. دېڭىز ساھىلىنىڭ ئوتتۇز بەش كىلومېتىر ئىچىدىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشى زۆرۈر، ئىتتىپاقداش ئارمىيە بومباردىمان قىلىشتىن بىر سائەت ئاۋۋال ھاۋادىن تەشۋىق ۋاراقچىسى تاشلاپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ“.

گېرمانىيە تەرەپنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەنگلىيە پاراشوت قىسىملىرى فرانسىيىنىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىققان. ئەنگلىيە رادىئو شىركىتىمۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققۇچى پاراخوتلىرىنىڭ گېرمانىيە پاراخوتلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلاتتى.

ئەنگلىيە تەرەپ سائەت ئوندا گېرمانىيە، گوللاندىيە، فرانسوز ۋە باشقا تىللاردا قۇرۇقلۇققا چىقىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى توختىماي ئاڭلاتتى. ئەنگلىيە رادىئو ئىستانسىسى سائەت ئونبىردە ياۋروپا ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئېيزىنخاۋېرنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاتتى. ئۇ:

”بۈگۈن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققان كۈنى، كەسكىن جەڭ باشلاندى. 1944 ـ يىل غەلىبە قازىنىدىغان يىل!“ دېدى.

ئاھ، بۇ ھەقىقەتەن قالتىس خۇش خەۋەر! ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشى بىزگە ئەمدى بۇرۇنقىدەك چۆچەك بولۇپ تۇيۇلمايدىغان بولدى. قەلبىمىزدە ئۈمىد قايتىدىن

يالقۇنجىدى. يېڭىۋاشتىن جاسارەتلىنىپ تېخىمۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدۇق. دوستلار بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنلەرگە ئاز قالدى!

ماگى توققۇزىنچى ئاي ياكى ئونىنچى ئايدا مەكتەپكە بېرىشىمىز مۇمكىن، دېدى!

9 - ئىيۇن، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

خۇش خەۋەر! ئىتتىپاقداش ئارمىيە فرانسىيە دېڭىز ساھىلىگە جايلاشقان پېلىس كەنتىنى ئىشغال قىلىپ، كامچىنغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلماقتا. ناھايىتى روشەنكى، ئىتتىپاقداش ئارمىيە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ شىربورگدىكى تەمىنات لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى بولىۋاتىدۇ.

ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى رادىئوسى چىرچىلنىڭ قوشۇن بىلەن بىللە قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولغانلىقىنى، لېكىن ئېزىنخاۋېر ۋە باشقا گېنېراللارنىڭ ئۇنى بۇ پىكىردىن توسقانلىقىنى ئاڭلاتتى. پاھ، يەتمىش ياشتىن ئاشقان بۇ بوۋاي نېمىدېگەن باتۇر، بۇ بوۋايغا ھەرقانداق كىشى ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

ۋېنتان خانىم ئەمدى قۇرۇقلۇققا چىقىش ئىشىدىن ئاغرىنمايدىغان بولدى، لېكىن ھاۋانىڭ ناچارلىقىدىن ۋايساشقا باشلىدى. ھەي! ئۇنى كىشىنىڭ يا توڭغا تىقىۋەتكۈسى، يا تۈڭلۈكتىن پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكۈسى كېلىدۇ.

13 - ئىيۇن، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

تۈنۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم. مەن ئون بەش ياشقا كىردىم.

مەن نۇرغۇن سوۋغىلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. سوۋغىلارنىڭ ئى-

چىدە سىبىنگىرنىڭ «گۈزەل سەنئەت تارىخى»، بىر يۇرۇش ئىچ كىيىم، بىر قولياغلىق، ئىككى قۇتا ئىچىتقۇ سۈتى، زەنجىۋىل كەمپۈت، تورت، بۇنىڭدىن باشقا دادام بىلەن ئاپام سوۋغا قىلغان «بوتانىكا» كىتابى بار. ماگى ماڭا بىر بىلەيزۈك، ئەر ـ خوتۇن ۋېنتانلار بىر پارچە كىتاب، دېسسېر بىر تۈپ كۆك پۇرچاق. ئىللى بىلەن مىربو قەنت ـ گېزەك، خاتىرە دەپتەر سوۋغا قىلدى. گرويتىر ئەپەندى سوۋغا قىلغان «مارىيە تېرىسا» ناملىق كىتاب بىلەن ئۈچ پارچە ئېرىمچىكتىن بەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. پىتىر ماڭا ئاتاپ ناھايىتى ئېسىل شېئىر يازدى. ئۇ نۇرغۇن ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ سوۋغا ئىزدىدى. لېكىن تاپالمىدى.

ھاۋا بەك ناچار ئىدى، شامال قاتتىق چىقاتتى. يامغۇر شارقىراپ ياغاتتى. دېڭىز قۇتراپ كەتكەنىدى. لېكىن ئىتتىپاقداش ئارمىيە توختاۋسىز زەپەر قۇچۇۋاتاتتى.

تۇنۇگۈن چېرچىل، سىمورېز، ئېزىنخاۋېر ۋە يانودلار يېڭى قايتۇرۇۋېلىنغان فرانسىيە كەنتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. چېرچىل يەنە تىروبېراغا ئولتۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئۇ قورقۇش دېگەننى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتىم.

مەن ئاي كۆرمىگىلى ئىككى ئاي بولغانىدى. ئۆتكەن شەنبە كۈنى يەنە ئاي كۆردۈم. ئاي كۆرۈپ تۇرۇش ھەقىقەتەن ياخشىكەن!

14 ـ ئىيۇن، چارشەنبە

قەدىرلىك چىت:

پىتىر ئىككىمىز ناھايىتى ئىناق ئۆتۈۋاتقان، مۇھەببىتىمىز كۈندىن ـ كۈنگە يېتىلىۋاتقان بولسىمۇ نېمىشقىدۇر ئارىمىزدا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان پەرق باردەك قىلاتتى. سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن.

پىتىر مېنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز ھەمىشە ئىلگىرى، ھازىر ۋە كەلگۈسى توغرۇلۇق مۇھاكىمە قىلىشىمىز. دېمەيدىغان گېپىمىز يوق. ئۇ تىنچلىقسۆيەر، كەڭ قورساق ۋە ئىدىتلىق يىگىت. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چېغىمدا قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ كاملىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئىچكىرىلىگەن ھالدا سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىمەن.

ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى كۈن كىرمەي كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ماڭا سىرداش دوست بولالمايدۇ، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى زادى نەدە؟

15 - ئىيۇن، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

تەبىئەتكە يېقىنلىشىشقا كۈنسايىن تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن! بۇ بەلكىم بۇ يەرگە ئۇزۇن ۋاقىت سولىنىپ ياتقانلىقتىن بولسا كېرەك.

مەن قاراڭغۇ كېچىلەرگە بەك تەلپۈنىمەن، كېچە مەنزىرىسىگە قانغۇدەك قارىۋالغان بولساملا قانائەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم. ئەمما ھازىر مېنى پاسكىنا پەردە تەسەۋۋۇرىمدىكى كۆكتىن ئايرىپ تۇرماقتا، ھەي، ئازلىق ھەقىقەتەن تولىمۇ يىراق!

16 - ئىيۇن، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ۋېنتان خانىم يەنە ۋايساشقا باشلىدى. ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، قاماقتا يېتىش، دارغا ئېسىش ۋە ئۆلۈۋېلىش توغرۇلۇق سۆزلەيتتى. دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. ئۇ توختىماي پۇتلىسىنى ئېقىتىپ يىغلايتتى ۋە پەرياد چېكەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. مەن جىمجىت-

لىقنى خالاپ ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ ئۇنى كۆرمىگەن بولۇۋالاتـ
تىم.

گرويتىر ئەپەندى سوتتىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە چاقىرىقناـ
مىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ بۇ قېتىم تۆت ھەپتىلىك ئېغىر ئەمگەكـ
كە سەپەرۋەر قىلىنغانىدى. گرويتىر ئەپەندى دوختۇرخانىنىڭ
ئىسپراپكىسى بىلەن بۇ سەپەرۋەرلىكتىن قۇتۇلماقچى بولدى.

23 ـ ئىيۇن، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

ئىتتىپاقداش ئارمىيە شىربورگقا كەڭ كۆلۈملۈك ھۇجۇم
قوزغىدى. دادام بىلەن ۋېنتان ئەپەندى بىزنىڭ 10 ـ ئۆكتەبىرـ
دىن بۇرۇن ئەركىنلىككە چىقىدىغانلىقىمىزنى قىياس قىلىشتى.

سوۋېت رۇسىيىسىمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى. سوۋېت رۇسىيەـ
سى تۈنۈگۈن ۋىسكانكتا ھۇجۇمغا ئۆتتى.

بىزدە ياڭيۇ كۆپ قالمىدى، بىر كۈندە قانچىنى يېگىلى
بولىدۇ. ساناپ بېقىش كېرەك.

27 ـ ئىيۇن، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئۇرۇش ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشى بولماقتا! ئىتتىپاقـ
داش ئارمىيە شىربورگ، ۋىسكانك ۋە سىروباننى ئالدى. ھازىر
مەيلى قوشۇن ياكى تەمىنات بولسۇن، ئۇزۇلمەي كېلىۋاتىدۇ.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە قىسقىغىنە ئۈچ ھەپتە ئىچىدە پۈتكۈل
كوستېن ئارىلىنى ئىشغال قىلدى. ھەقىقەتەن كارامەت ئىشتە
بۇ! بۇ ئۈچ ھەپتىدىن بېرى بوران ئارىلاش يامغۇر ياغدى.
گېرمانىيىنىڭ ”مەخپىي قورال“ىمۇ جۇدۇن سەۋەبىدىن كارغا
كەلمىدى.

30 - ئىيۇن، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

بۈگۈن ھاۋا يەنىلا ناچار، ئىتتىپاقداش ئارمىيە بوبولسىك، موكرىۋ ۋە ئورېشالارنى ئىشغال قىلدى. نۇرغۇن گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنى ئەسىر ئالدى.

ھەربىر كىشىنىڭ روھىي - ھالىتى ئۆزگەرمەكتە ئىدى. ئىللى چېچىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتتى، مىربۇنىڭ بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىشى بار.

6 - ئىيۇل، پەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

پىتىر ماڭا ئۆزىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ۋە قىمار ئويناشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۈركىنىپ كەتتىم. ئۇ بۇ گەپنى چاقچاق قىلىپ دېگەندۇ، لېكىن مەندە پىتىر ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن قورقىدۇ، دەيدىغان تۇيغۇ بار.

مەن گەرچە باشقىلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىنى بىلمىسەممۇ، ئەمما بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بوشاڭلىقىنى بىلسە، يەنىلا ”بۇ ناھايىتى ياخشى دەپ ھېس قىلسا، مېنىڭچە، بۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ! ئۆزىنىڭ بوشاڭلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئۇنى يېڭىشنىڭ ئامالىنى قىلمايدۇ؟ نېمىشقا ئۆزىنى چېنىقتۇرمايدۇ؟ بۇنى قىلماق شۇنداق تەس“مۇ؟ بۇ گەپچە ھورۇنلۇق ۋە ئالدامچىلىق بىلەن جاھانسازلىق قىلىش ئاسان ئوخشىمامدۇ؟ بۇنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن. ئۇلار ”ھورۇنلۇق ۋە پۇل“ تەرىپىدىن ئاسانلا ئېزىقتۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك.

مەن ئۇزۇن ئويلاندىم. ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئىشەنچىسىنى

تۇرغۇزۇش ئۇچۇن پىتىرغا قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلمىدىم. باشقىلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ توغرا جاۋاب تېپىشىغا ياردەم بېرىشنىڭ ناھايىتى تەس ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قانداق تەھلىل قىلسام، ئاشۇنداق ”ئاسان“، ”زاھىت“لارچە تۇرمۇشنىڭ ئۇنى تېگى يوق ھاڭغا سۆرەپ كىرىدىغانلىقىنى ئاندىن ئۇقتۇرالايمەن؟ ئەگەر ئۇ داۋاملىق مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، كەلگۈسىدە ھەقىقىي خۇشاللىق، ھېسداشلىق ۋە دوستتىن ئايرىلىپ ھەتتا بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالىدۇ.

پىتىر ئاقنانچى ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى بەك كەمسۈندۈرىدۇ. رېئاللىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

8 ـ ئىيۇل، شەنبە

قەدىرلىك چىت:

شىركەت كىم ئاشتى سودا بازىرىدىن بۆلدۈرگەن ئەكەلدۇردى. ئىشخانىدىكىلەر بىلەن بىزگە 24 يەشىك بۆلدۈرگەن تەگدى. بىز بۆلدۈرگەننى ئادالاپ ئالتە توڭغا قاچىلىدۇق. سەككىز قۇتا مۇراببا ياسىدۇق.

ئىشخانىدىكىلەر بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئىشلىمەيدۇ. چوڭ ئىسكىلاتتىكىلەر چۈش سائەت ئون ئىككى يېرىمدىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتتى. پۈتكۈل بىنادا يات ئادەم بولمىغاچقا، كۆپچىلىك خاتىرجەم بۆلدۈرگەن تازىلاشقا كىرىشتى. پاراڭ ئاۋازى بىلەن ئىشىك يېپىلغان چاغدىكى ئاۋازدىن يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. بىز ”پاناھلىنىۋاتامدۇق“ دەپ سورىغىلى قىل قالدىم، باشقىلاردىن.

ئىشىك قوڭغۇرىقى بىردىنلا جىرىڭلاپ كەتتى. بىز تىنىشقىمۇ پېتىنالمىدۇق. سائەت بىر بولغاندا يوك كەلدى. ئۇ بايام پوشتىكەش كەلگەنلىكىنى دېدى. شۇ گەپنى دەپ تۇرۇشقا ئىشىك قوڭغۇرىقى يەنە جىرىڭلىدى. پىتىر ئىككىمىز ئۇچىنچى قەۋەت

پەلەمپىيىنىڭ يان ياغىچىغا ئاستا ئارتىلىپ تىۋشقا قۇلاق سال-
دۇق. تىۋش تونۇش بىلىنگەچكە پېتىر:
— ئىللى! — دەپ توۋلىدى.
بۇ چاغدا كوفوس ئەپەندى شۇئان:
— پېتىر! توۋلىما! ئىللى بۇ يەردە، دەرھال يېنىپ چىق،
بولمىسا چاتاق بولىدۇ! — دېدى.
گروپتىر ئەپەندى سائەت بىر يېرىم بولغاندا كەلدى. شۇنىڭ
بىلەن بىزمۇ يېنىك تىنىپ، ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. قىزىق
بولغىنى شۇكى، تۆتىنچى تاشلىغان بۆلدۈرگەندىن ئاغزىمىزغا سال-
غان بۆلدۈرگەن جىق ئىدى!
چۈش ۋە كەچتە ساپلا بۆلدۈرگەن يېدۇق. ئەمما بۇنداق
كۆڭۈللۈك ئىش ئەتە يوق ئىدى!

● ئانىنىڭ قەلبى

15 ـ ئىيۇل، شەنبە
قەدىرلىك چىت:
مەن كۇتۇپخانىدىن ئارىيەتكە ئەكەلگەن «زامانىمىز ئائىلىلى-
رى» دېگەن كىتابنى يېڭىلا كۆرۈپ بولدۇم. ئوخشاش بولمىغان
قاراشلىرىم توغرۇلۇق سۆزلىمەكچىمەن:
بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى زامانىمىز ئائىللىرىنى ناھايىتى قات-
تىق تەنقىدلىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، زامانىمىزدىكى ياش قىزلار
ماددىي ئاسايىشلىقنى ئىنتىلگەنمىش، غايىسى يوقمىش، ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۆچمىگە يېڭىۋاشتىن باھا بېرىشى كېرەك-
مىش.
مەن ئۆزۈمنى ئۇنداق ئادەم ئەمەس دەپ ھېسابلايمەن.

چىت! مېنى سەن چۈشىنىسەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت-لىرىدىن ئوبيېكتىپ ھۆكۈم چىقىرىپلا قالماي، قەتئىي خاراكتې-رىگە ئىگە ئىكەنلىكىمنى، تالاي ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە چىدىيالاي-دىغانلىقىمنىمۇ بىلىمەن. دادام مېنى ھەمىشە باشقىچە قاراشلاردا بولۇشتىن توسۇشقا ئورۇنىسىمۇ، لېكىن مەن ئاسانلىقچە مادار قىلمايمەن. ئۆز خاتالىقىمنى تېپىشقا ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىشكە ئورۇنىمەن.

مەن پېتىرغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ”مۇلايىم، سەزگۈ ۋە ئوماق“ بىر ئوبرازنى ياراتتىم. ئۆزۈممۇ كۆڭلى تۈز بىر دوستقا ئېرىشتىم. بىز گەرچە سىرداش بولالمىساقمۇ، ئىككى-لىمىز ئارىمىزدا چوڭقۇر سەمىمىيلىك بار.

كونىلاردا: ”ياشلارنىڭ قەلبى ياشانغانلارنىڭكىدىن نازۇك بولىدۇ“ دېگەن گەپ بار. بۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ياشلارنىڭ سىرى ئېچىپ تاشلانغان. قىزلارنىڭ ئۆزىگە خاس قاراشلىرى بولىدۇ، ئىرادىسىدىن ئاسان قايتمايدۇ. ياشلارنىڭ دىلى شۇ قەدەر نازۇك بولىدۇ!

21 ـ ئىيۇل، جۈمە

قەدىرلىك چىت:

كاتتا بىر گېرمانىيە گېنېرالى گىتلېرنى ئۆلتۈرمەكچى بول-غان. بۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش!

ئەپسۇسكى، پەرۋەردىگار گىتلېرنىڭ جېنىنى ساقلاپ قال-غان. ھېلىقى گېنېرال ۋە بۇ ئىشقا يول كۆرسەتكەنلەر بەختسىز-لىككە ئۇچرىغان، بۇ قېتىمقى يوشۇرۇن قەستلەش مەغلۇپ بول-غان بولسىمۇ، ئەمما گېرمانىيىلىكلەر ئۆز ئىچىدىن قوزغالسا، بۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە ئىنتايىن پايدىلىق بولاتتى!

مەن يەھۇدىيلارنىڭ كەلگۈسىدىن بەك ئۈمىدۋار ئەمەسمەن. ئۆكتەبىردىن كېيىن مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇلار مېنىڭ بۇ خىيالىمنى "بىر - بىرسىگە زىت" دەيدۇ!

1 - ئاۋغۇست، سەيشەنبە

قەدىرلىك چىت:

ئۆتكەندە "بىر - بىرسىگە زىت" دېگەن گەپنى تىلغا ئالغانىدىم. مەن ھەقىقەتەن "قوش خاراكتېرلىك" قىزچاق.

مېنى تېتىك، خۇشال ۋە غەم - قايغۇسىز يۈرۈيدىغان قىزچاق دەپ قالماڭ. ئۇ دېگەن يۈزەكى مەن، ھەقىقىي ئاننى يۈرەكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇنغان. مېنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە پاكلىقىمنى ھېچكىم بىلگەن ئەمەس.

كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئاننى سوغۇق مۇئامىلىگە، مەسخىرە قىلىشقا ۋە تەنقىدلىنىشكە ئادەتلىنىپ قالغان بىر قىزچاق. بۇ قىزچاق ئۆزىگە قويۇلغان تالاي لەقەملەرگىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھازىرقىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئاننىنى بىرەرسى بايقاپ قالسا، مەن چوقۇم قورقۇپ كېتىمەن.

بۇرۇن مۇلايىم، نازاكەتلىك بولغان بولسام دادام بىلەن ئاپام مېنى ئاغرىپ قالغانمىدۇ؟ دەپ ئويلىغان، ئۇلار ماڭا باش ئاغرىقى دورىسى ئىچۈرگەن، پېشانەمنى ۋە قوللىرىمنى تۇتقان، قىزىپ قالغانمىدۇ، چوڭ تەرىتى نورمالمۇ؟ دەپ ئەنسىرىگەن، مەندە بۇنداق ھالەتلەر بولمىسا، ئۇلار مېنى ئەيىبلىگەن بولاتتى.

قارا! مەن بۇنىڭغا قانداق چىدايمەن؟

مەن يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىمگە قايتاي. بۇنىڭدا ھېچكىمگە پەرۋا قىلمايدىغان ئاننى "بەختەر"رەك بولىدۇ!

## ● تەھرىر سۆزى

ئاننىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تۈگەيدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى 1944 - يىل 4 - ئاۋغۇست ئاننى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى مەخپىي ساقچىلار تەكشۈرۈپ تېپىۋالىدۇ. بۇ سەككىز ئادەمنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟

تۆۋەندىكىسى تەھرىرنىڭ تولۇقلىما بايانى.

# خاتىمە: ئەسەرنىڭ تولۇقلىما بايانى

## مەخپىيەتلىكنى كىم ئاشكارىلىدى

4 ـ ئاۋغۇست كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندىن ئۆتكەندە بەش مەخپىي ساقچى دولاۋىس شىركىتىنىڭ قەدىمىي دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ كىرىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى كلون شىركىتىنىڭ دىرېكتور ئىشخانىسىغا ئۇچقاندەك چىقتى. ئارىسىدىن بىرەيلەن قورالنى گرويتىر ئەپەندىگە تەڭلەپ، ساپ گوللاندىيە تىلىدا بۇيرۇق قىلدى:

— قولۇڭنى كۆتۈر! سەن يەھۇدىيلارنى شىركەت بىناسىغا يوشۇرۇشقا پېتىنىپسەن، بۇ قانۇنغا خىلاپ! ھەممىنى بايقىدۇق، ماڭ، بىزنى ئۇستۈنكى قەۋەتكە باشلاپ چىق!

قالغان تۆت مەخپىي ساقچىمۇ يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. بۇ چاغدا، گرويتىر ئەپەندى چارىسىز قېلىپ، بەش مەخپىي ساقچىنى سالپايغان ھالدا ئۈچىنچى قەۋەتكە باشلاپ ماڭدى. گرويتىر ئەپەندى نىقاپ ئورنىدىكى كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن گۇمانلار پەيدا بولدى.

”بۇ كىتاب ئىشكاپىنىڭ كەينىگە بىر توپ يەھۇدىي يوشۇرۇنغانلىقىنى كىم بايقاپ قالغاندۇ؟ بۇ سىر زادى قانداق ئاشكارىلىنىپ قالدى؟ بۇنى ئاشكارىلىغان كىم؟“

— ئەزمىلىك قىلما! چاققانراق بول! — دەپ ۋارقىرىدى بىر مەخپىي ساقچى سەۋرسىزلىك بىلەن.

ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزگەن سەككىز يەھۇدىي يەنىلا تەكشۈرۈلۈپ قولغا چۈشۈپ



قېلىشتىن قۇتۇلالمىدى! مەخپىي ساقچىلارنىڭ بىرسى تىك پەلەمپەي بىلەن بالكونغا چىقىپ، شۇ يەردە ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈۋاتقان فرانك ئەپەندىنى ۋە دەرس ئاڭلاۋاتقان پىتىرنى يالاپ ئەپچۇشتى. مەخپىي ساقچىلارنىڭ يەنە بىرسى باش مۇدىر ئىشخانىسىدىكى كوفوس ئەپەندىنى يالاپ ئاچىقتى. بۇ ئۈچ ئادەم تەييارلىقسىز تۇرغان ئەھۋالدا بىراقلا قولغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ھەيرانلىق ۋە تەشۋىشتىن باشقا، ياۋاشلىق بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

مەخپىي ساقچىلار ئالدى بىلەن ئۇلاردىن قورال بار - يوقلۇقىنى سورىدى. ئاندىن سەككىز ئادەمنى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى جايلاپ، يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرىدى.

ناتسىپستلارنىڭ بۇ گۇماشتىلىرى پۇل - پۇچەك بىلەن ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى ئېلىپ كەتتى. ئۆي بىساتلىرىنى بىر ماشىنىغا باستى. يەردە چېچىلىپ ياتقان ئەرزىمەس كىتاب، گېزىت - ژۇرنال ۋە كۈندىلىك خاتىرىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ئىللى بىلەن مىربونىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تازىلىق ئىشچىسى ئايالغا تاپشۇردى. مىربو بىلەن ئىللى بۇ بالا - قازادىن ئامان قالدى. ئۇلار خاتىرە دەپتەرلەرنىڭ ئارىسىدىن «ئاننىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»نى تېپىۋېلىپ، ساقلاپ قويدى. ئۇرۇشتىن كېيىن فرانك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلار بۇ كۈندىلىك خاتىرىنى ئۇنىڭغا بەردى.

## ● گوللاندىيە مەخپىي ساقچى باش شتابى

بۇ ئۈچ كىشى ئاۋۋال ئامىستېردام شەھەرلىك مەخپىي ساقچى باش شتابىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ، سوراق قىلىندى.

ئەر – ئاياللار ئايرىم – ئايرىم قامالدى.

فرانك ئەپەندى سوراق ئۇستىدە كوفوس ئەپەندىگە ئۇچراپ قېلىپ، ھەسرەت بىلەن:

— كوفوس ئەپەندى! بىزنى دېمىگەن بولسىڭىز، بۇ ئىشقا سىزمۇ چېتىلىپ قالمايتتىڭىز. بىز ئالدىڭىزدا مەڭگۈ خىجىل! — دېدى.

— بۇنداق دېمەڭ، مەن قىلچىلىك پۇشايمان قىلمايمەن! بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۆرىتى كېپقالسا، خىزمىتىڭلاردا بولۇشقا رازىمەن. ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ! — كوفوس ئەپەندىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

سوراق ئۇستىدە، كوفوس بىلەن گرويتىر گۇناھىنى تونۇپ، بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئالغاچقا، بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئادەملەر قۇتۇلۇپ قالدى.

سوراقتىن كېيىن، كوفوس بىلەن گرويتىر گوللاندىيە تۈرمىسىگە قامىلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. سەككىز يەھۇدىي — ئاياللار ئايرىم، ئەرلەر ئايرىم يەھۇدىيلار تۈرمىسىگە قامالدى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنە گوللاندىيىدىكى ئەڭ چوڭ يەھۇدىيلار جازا لاگېرى ”ۋېسدبورگ“قا يالاپ ئەپكېتىلدى.

## ● ۋېسدبورگ جازا لاگېرى

ۋېسدبورگ جازا لاگېرىدا ئەرلەر ۋە ئاياللار ئايرىۋېتىلدى. كۈندۈزى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى تىنىمسىز ئەمگەك قىلاتتى، دەم ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدە بىر ئائىلە كىشىلىرى قىسقا ۋاقىت جەم بولاتتى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ تانكا قىسىملىرى 2 ـ سېنتەبىر بىلگىيىگە ھۇجۇم قىلدى.

ۋېسدبورگدىكى يەھۇدىيلار مەيلى ئەر ۋە مەيلى ئايال بولسۇن، 3 ـ سېنتەبىر ئەتىگىنى ئۇلاق توشۇيدىغان قارا ماشىنىلار بىلەن پولشادىكى ئوسۋېشىن جازا لاگېرىغا يۆتكەپ كېتىلدى. قارا ماشىنىلار يەھۇدىيلار بىلەن لىق تولغانىدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ماشىنىلاردىكى ناھايىتى كىچىك دېرىزىمۇ ھىم ئېتىۋېتىلدى. ماشىنىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. يەھۇدىيلار چۈشكەن قارا ماشىنىلار توپتوغرا ئىككى يېرىم كۈن يول يۈرۈپ ئاندىن مەنزىلگە يېتىپ باردى.

## ● ئوسۋېشىن جازا لاگېرى

ئوسۋېشىن جازا لاگېرىدا ئەر ـ ئاياللار ئايرىۋېتىلدى. قېرىلار بىلەن تېنى ئاجىزلار دەرھال گاز ئۆيىگە ئاپىرىلىپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلار كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ، جۇل ـ جۇل كىيىملەرنى كىيىشتى (بۇ كىيىملەر كىملەردىن ئاشقان كىيىم، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن قانداق تەقدىر ـ قىسمەتلەرگە ئۇچرايدۇ. ھېچكىم بىلمەيتتى)، كەينىدىن باشلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋېتىلىپ، بىلەكلىرىگە ئەن سېلىنىدى. ئاندىن ئېغىر ئەمگەككە قاتناشتۇرۇلدى. فرانك ئەپەندىنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ خوتۇن ۋە قىزلىرى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلدى.

5 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ۋېنتان ئەپەندىنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كەتكەچكە گاز ئۆيىگە ئاپىرىلىپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئوسۋېشىن جازا لاگېرىدىكىلەر پولشاغا ھۇجۇم قىلغان روسلارنىڭ زەمبىرەك ئاۋازلىرىنى ئاڭ-

لاشقا باشلىدى. 17 ـ يانۋار كۈنى 11 مىڭ يەھۇدىي گېرمانىيىگە يالاپ ئەپكېتىلدى. كېسەللەرلا قالدى.
گېرمانىيىگە يالاپ ئەپكېلىنگەنلەرنىڭ ئارىسىدا دېسسېر بىلەن پېتىرمۇ بار ئىدى. لېكىن ئىككىسىنىڭ قەيەردە، قانداق ئۆلگەنلىكى نامەلۇم.
فرانك ئەپەندى كېسەل بولغاچقا، قېپقالغانىدى. رۇس ئارمىيىسى 27 ـ يانۋار كۈنى ئوسۋېشىن جازا لاگېرىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. فرانك ئەپەندى ئاخىرى ئامان قالدى. مەخپىي ئۆيدىكى سەككىز كىشىنىڭ ئارىسىدا بىردىنبىر ئامان قالغان كىشى مۇشۇ ئىدى.
كېيىن فرانك ئەپەندى بىر دوستىغا يولۇقۇپ، خوتۇنى بىلەن قىزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى شۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدى: بىر ناتسېست نازارەتچىسى ماگىغا زورلۇق قىلماقچى بولغان، فرانك خانىم قىزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھېلىقى ناتسېست بىلەن سوقۇشقان. شۇنىڭ بىلەن ماگى بىلەن ئاننى گېرمانىيىگە يالاپ ئېپكېتىلگەن. فرانك خانىم شۇ يەردىلا ئۆلگۈدەك دۇمبالانغان.
فرانك خانىم 1945 ـ يىل يانۋاردا ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كېتىپ، ئوسۋېشىن جازا لاگېرىدا قازا قىلغان.

## ● بېگېن بېرسىن جازا لاگېرى

ئاننى ۋە ماگى مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىي ئاياللار بىلەن 1944 ـ يىل 30 ـ ئۆكتەبىردە گېرمانىيىدىكى بېگېن بېرسىن جازا لاگېرىغا ئەپكېلىندۇ.
ئاننى بىلەن ماگى 1945 ـ يىلى فېۋرال ئايلىرىدا جازا

لاگېرىدا تارقالغان كېزىك كېسىلىگە گىرىپدار بولۇپ قالىدۇ. بىر كۈنى ئاننىنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئۈستىدىكى كارىۋاتتا ياتقان ماگى كارىۋاتتىن چۈشۈپ كېتىپ شۇ هامان جان ئۈزىدۇ. كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان ئاننى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ، گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ماگىنىڭ جەسىتىنى سۆرەپ ئەپچىقىپ كېتىدۇ. ئاننى ئۇلارنى كارىۋاتتىن كۆتۈرۈلۈپ تىللايدۇ.

ئاننى مارت ئايلىرىنىڭ باشلىرىدىكى مەلۇم بىر كۈنى تىپ-تىنچ هالدا ئاخىرقى تىنىقىدىن قالىدۇ.

## ياشلار-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

## تاللانغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى

تۇرمۇش رىتىممىز تېزلىشىپ، ۋاقىت ۋە ئىقتىساد قارشىمىزدا جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەجمى بىرقەدەر چوڭ دۇنياۋى نادىر ئەسەرلەرنى كۆرۈپ بولالىشىمىز ناتايىن. شۇڭا بۇ ئەسەرلەرنىڭ قىسقارتىلمىسىنى بۇ يىلدىن باشلاپ تۈركۈمگە بۆلۈپ نەشر قىلماقچىمىز. بىرىنچى تۈركۈمدە نەشر قىلىدىغان كىتابلار تۆۋەندىكىچە:

## ساھىبجامال مىسىر شاھى

مىسىرنىڭ ئايال پادىشاھى دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن رىم سەردارى ئانتونى بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئانتونى بىلەن بولغان زومىگەرلىك تالىشىش ئۇرۇشىدا مەغلۇب بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ئايال پادىشاھ نومۇستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى زەھەرلىك يىلانغا چاقتۇرۇپ ئۆلۈۋالىدۇ.

## ئۇرۇش ۋە تىنچلىق

موسكۋادىن تارتىپ سان - پېتىر بورگقىچە بولغان بىپايان، گۈزەل روسىيە مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىسىز. بۇ يەرنىڭ ئىناق قىز - ئوغۇللىرى بىر مەيدان توپ ئوقلىرى ئىچىدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزگەن؟ ناپالېئون بۇ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلالامدۇ يوق؟

## كاپىتاننىڭ قىزى

دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى تازا چۈشەنمەيدىغان بىرياش، دادىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، يىراقتىكى كىچىك قورغانغا بېرىپ، قاتتىق ھەربىي مەشىقنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئويلىمىغان يەردىن يۈز بەرگەن بىر مەيدان ئىچكى ئۇرۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قان ۋە ئوت بىلەن يۇيۇلغان سوۋغىغا، يەنى ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشىدۇ.

## مىڭ بىر كېچە

غەزەپلەنگەن پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ساھىبجاماللارنى يىغىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئەقىللىق شەھرىزاد مىڭ بىر كېچە ھېكايە سۆزلەپ، بۇ بىر مەيدان پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سىز دۇنيادىكى ئەڭ سىرلىق، ئەڭ قىزىقارلىق، بۇ ھېكايىنى ئاڭلاشنى خالامسىز.

## تام سويېرنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى

شوخ، زېرەك تام ۋە ياۋايى بالا شاك بىرلىكتە ئادەمنىڭ ئۈچىيى ئۈزۈلگىدەك قالتىس ئىشلارنى قىلىشىپتىدۇ. مارك تېۋېننىڭ ئويناق قەلىمى ئاستىدا، بۇ باللارنىڭ شوخلۇقى ئىنتايىن ھەقىقىي تەسۋىرلەنگەن.

## سەرگەردان بالا

ئۆزىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق ئىكەنلىكىنى تۇيۇقسىز بىلىپ قالغان لومى، بېقىۋالغان دادىسى تەرىپىدىن بىر سەرگەردان سەنئەتكارغا سېتىۋې-

تىلىدۇ. ھەممە يەردىكى سەرگەردانلىق ھاياتىدا ئۇ دائىم بىر كۈنى ئۆز ئانىسىنى تېپىۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، ئۆزگىرىشچان دۇنيا، ئۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈمىدسىزلىكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئىتتىرىۋېتىدۇ.

## پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋىسى

پەرىشتىدەك گۈزەل، ئوماق بىر قىز بوۋاق، نېمە ئۈچۈن سەت، غەلىتە ئوغۇل بوۋاققا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ ئازابلانغان ئانا بۇ پاجىئەلىك تەقدىرگە قانداقمۇ چىدىيالىسۇن؟ ئون نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ غەلىتە، سەت، دوك بالا چوڭ بولىدۇ. ئۇ ئەتراپىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟

## پاجىئەلىك دۇنيا

19 يىللىق جازا مۇددىتىدە تۇرۇۋاتقان ئېغىر جىنايەتچى، نېمە ئۈچۈن ھەش ـ پەش دېگۈچە جىنايەت بىلەن تولغان روھىنى پاكىز يۇيۇپ، قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقىدۇ؟ قانداق قىلىپ بىر بىچارە قىزچاق ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ قوغلاپ تۇتۇشلىرىدىن قېچىپ، يەنە ئۇرۇش ئوتىغا كىرىپ قىلىپ، ئاخىرى قىزچاقنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىنى ئىزدەپ تاپىدۇ.

## ئۈچ قىلىچۋاز

فرانسىيىنىڭ خانىشى ئاننا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئالماس زەنجىرىنى ئەنگلىيە باش ۋەزىرىگە سوۋغا قىلىدۇ. بىراق، بۇ ئىش ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. ئون يەتتە ياشلىق داتىنىڭ قانداق قىلىپ ئۈچ قىلىچۋاز بىلەن ھەمكارلىشىپ ئالماسنى ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىگە قاراڭ؟

# ئاننىڭ خاتىرىسى

ئاننى قوياشقا بېقىپ ئېچىلغان بىر تال غۇنچە بولسا، شۇ غۇنچىنى سۇندۇرغان ئىبلىس — گىتلېر. قەيسەر ئاننى شۇ ئىبلىسنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ كېتەلەمدۇ؟ ھەممە جايىنى تېرورلۇق قاپلىغان گېرمانىيىدە ئۇنىڭ ئائىلىسى، دوستلىرى ۋە بارلىق يەھۇدىيلەرنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟

## شاھزادىنىڭ قىساس ئېلىشى

دادىسى شاھى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالىدۇ. ئەسلىدە ئۇنى ئىنىسى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن ئىكەن. شاھزادە ھاملېت قانداق قىلىپ دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ نازارىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟ قانداق قىلىپ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ؟ ئۇ يەنە قىساس ئېلىش جەريانىدا، قانداق قىلىپ تۇرمۇشتا ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك خۇشاللىق ۋە ھاياتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ؟

# سۇلايمان شاھنىڭ خەزىنىسى

دادىسى ئۈچۈن قىساس ئالماقچى بولغان بىر شاھزادە بىلەن ئىنىسىنى ئىزدەۋاتقان بىر كىنەز بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن قان بىلەن سىزىلغان خەرىتە ۋە ئۇۋچى سىكىندانىڭ ياردىمى ھەم ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە ئەقىل پاراسىتى بىلەن ئادەمزاتسىز باياۋاندىن ئۆتۈپ، قورقۇنچلۇق دەججالنى يېڭىپ ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇرات - مەقسىتىگە يېتىدۇ.

本书根据北京出版社 1996 年 9 月第一版，第一次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب بېيجىڭ نەشرىياتى 1996-يىل 9-ئايدا نەشر قىلغان 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: **قاھار پولات**

مەسئۇل كوررېكتور: **تۇرغۇن داۋۇت**

كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: **دولقۇن قادىر**

# ئانىنىڭ خاتىرىسى

## تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت

**نەشر قىلغۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى

**ئادرېسى:** بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
پوچتانومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862

**تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پۇنكىتى

**تور ئادرېسى:** http://www.e56.com.cn

**باسقۇچى:** دىشىن باسما زاۋۇتى

**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

**نەشرى:** 2001-يىل 10-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

**بېسىلىشى:** 2001-يىل 10-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

**ئۆلچىمى:** 850×1168مم. 32 كەسلەم

**باسما تاۋىقى:** 7.5

**سانى:** 0001—4000

**باھاسى:** 9.00 يۈەن

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن
تاللانغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر

"دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر" ناملىق ياشلار -ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تاللانغان بۇ بىر يۈرۈش كىتابلار ھەر يىلى تۈركۈمگە بۆلۈپ چىقىرىلىدۇ. بىرىنچى تۈركۈمدە چىقىرىلىدىغان كىتابچىلار تۆۋەندىكىچە:

مىڭ بىر كېچە

كاپىتان قىزى

ئۇرۇش ۋە تىنچلىق

سەرگەردان بالا

پاجىئەلىك دۇنيا

ئۈچ قىلىچۋاز

ئانىنى قۇياشقا بېقىپ ئېچىلغان بىر تال غۇن-
چە بولسا، شۇ غۇنچىنى سۇندۇرغان ئىب-
لىس — گېتلېر. قەيسەر ئانىنى شۇ ئىبلىسنىڭ
چاڭگىلىدىن قېچىپ كېتەلەمدۇ؟ ھەممە جاينى
تېرورلۇق قاپلىغان گېرمانىيىدە ئۇنىڭ ئا-
ئىلىسى، دوستلىرى ۋە بارلىق يەھۇدىيلەر-
نىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟

责任编辑：卡哈尔　封面设计：刘家峰

ISBN 7-105-04631-7

9 787105 046317 >

ISBN 7-105-04631-7/I · 1029
民文（维191）　定价：9.00 元